



بِسْمِ اللهِ الرَّحْمٰنِ الرَّحِيمِ
وَاعْتَصِمُوا بِحَبْلِ اللهِ جَمِيعاً وَلَا تَفَرَّقُوا
جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى
中国穆斯林
المسلم الصيني
2
2007
مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة
ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئىلىم - مەدەنىيەت ژۇرنىلى



جەمئىيىتىمىز رەئىسى ھىلالىدىن چېن گۇاڭيۈەن قاتارلىقلار 2007 - يىل 3 - ئاينىڭ 28 - كۈنى ئىران خەلقئارا ئىسلام تەتقىقات مەركىزى ۋەكىللەر ئۆمىكى بىلەن قىزغىن سۆھبەت ئۆتكۈزدى ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى.



جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي باشچىلىقىدىكى ھەج خىزمىتى ۋەكىللەر ئۆمىكى 5 - ئاينىڭ 4 - كۈندىن 11 - كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىدا ھەج ۋازارىتى قاتارلىق ئورۇنلار بىلەن 2007 - يىللىق (ھىجرىيە 1428 - يىللىق) ھەج ئىشلىرى توغرىسىدا خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى.




جەمئىيىتىمىز مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خۇڭ چاڭيۇ 2007 - يىل 3 - ئاينىڭ 27 - كۈندىن 30 - كۈنىگىچە مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ 19 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى.



جەمئىيىتىمىز مۇئاۋىن رەئىسى مۇستاپا ياڭ جىبو قاتارلىقلار 2007 - يىل 4 - ئاينىڭ 12 - كۈندىن 15 - كۈنىگىچە لىۋىيەنىڭ پايتەختى ترىپولىدا ئۆتكۈزۈلگەن "ئىسلام مەدەنىيەت يۇرتى"نى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.







جەمئىيىتىمىز مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرىم باشچىلىقىدىكى ۋەكىللەر ئۆمىكى 2007 - يىل 3 - ئاينىڭ 31 - كۈندىن 4 - ئاينىڭ 5 - كۈنىگىچە مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەدە ئېچىلغان"ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى 2 - نۆۋەتلىك ئەزھەرىيلەر خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى"غا قاتناشتى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى سىددىق، ئامۇر،ئىبراھىم، مۇستاپا، نۇردىن تارتقان)

# قۇرئان كەرىمدىن

## كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولۇش توغرىسىدا

ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ؛ ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ، ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى؛ ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن...

—— سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 159 ـ ئايەت

ئەپۇنى دوست تۇتقىن، ياخشىلىققا(يەنى ياخشى سۆز قىلىشقا، ياخشى ئىش قىلىشقا) بۇيرۇغىن، نادانلار بىلەن تەڭ بولمىغىن(يەنى نادانلارنىڭ قىلغىنىنى قىلماي، ئۇلارغا مۇلايىم بولغىن).

—— سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 199 ـ ئايەت

ياخشى ئىش بىلەن يامان ئىش باراۋەر بولمايدۇ، ياخشى خىسلەت ئارقىلىق(يامان خىسلەتكە) تاقابىل تۇرغىن، (شۇنداق قىلساڭ) سەن بىلەن ئۆزىنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت بار ئادەم گويا سىرداش دوستۇڭدەك بولۇپ قالىدۇ.

—— سۈرە«فۇسسىلەت»(41 ـ سۈرە)، 34 ـ ئايەت

پەرۋەردىگارىنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەپ(يەتكەن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە) سەۋر قىلغانلار، (پەرز)نامازنى ئادا قىلغانلار، بىز رىزىق قىلىپ بەرگەن مال-مۈلۈكتىن(ئاللاھ يولىدا) يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا يوسۇندا سەرپ قىلغانلار ۋە ياخشىلىق ئارقىلىق يامانلىقنى دەپئى قىلىدىغانلار(يەنى بىلمەستىن يامان ئىش قىلىپ قالسا ئارقىدىن ياخشى ئىش قىلىدىغانلار، يامانلىق قىلغۇچىلارغا كەڭ قورساق بولۇپ، ياخشى مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلار)— ئەنە شۇلارنىڭ ئاخىرەتلىكى ياخشى بولىدۇ.

—— سۈرە«رەئد»(13 ـ سۈرە)، 22 ـ ئايەت

تەقۋادارلار كەڭچىلىكتىمۇ، قىسىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ يولىدا (پۇل- مال) سەرپ قىلىدىغانلار، (ئۆچ ئېلىشقا قادىر تۇرۇقلۇق) ئاچچىقىنى يۇتىدىغانلار، (يامانلىق قىلغان ياكى بوزەك قىلغان) كىشىلەرنى كەچۈرىدىغانلاردۇر، ئاللاھ ياخشىلىق قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ.

—— سۈرە«ئال ئىمران»(3 ـ سۈرە)، 134 ـ ئايەت

(مۆمىنلەر) شۇنداق كىشىلەردۇركى، گۇناھى كەبىرەلەردىن قەبىھ ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ، دەرغەزەپ بولغانلىرىدا كەچۈرەلەيدۇ.

—— سۈرە«شۇرا»(42 ـ سۈرە)، 37 ـ ئايەت

# مۇندەرىجە

المسلم الصينى


## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ھەدىس شەرىف ھەققىدە ئومۇمىي بايان ..........
.......... مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى(4)

## ئىسلام ئەقىدىلىرى

ئاللاھنى بىر دەپ تونۇش ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى ..........
.......... ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد(12)

## قۇرئان كەرىم تەتقىقاتى

قۇرئان كەرىمنى توپا بېسىپ قالمىسۇن..........
..........ئابدۇلمەجىد مۇھەممەد(17)

## ئىسلام ئەخلاق- پەزىلەتلىرى

مېيىپلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى ..........
..........مۇھەممەتجان ئىبراھىمجان(21)
شەرم-ھايا ۋە نومۇسچانلىق توغرىسىدا ....... مۇختەر ياقۇپ(23)
گۈزەل ئەخلاق ئىنسان زىننىتى.......... ياقۇپ ھەمدۇللا(34)

## ئىسلام دىنى ۋە ئىقتىسادىي مۇئامىلە

قەرز توغرىسىدا .............. ئابدۇلۋاھىد خۇدابەردى(37)

## ئىسلام دىنى ۋە ساغلاملىق

كېسەللىككە سەۋەب قىلىشتىكى بەزى خۇراپىيلىقلىرىمىز ..........
.......... ئابلاجان مۇھەممەت(41)

## ۋەز_ تەبلىغ

يالغانچىلىق، ساختىلىققا قارشى تۇرۇپ، راستچىللىقنى تەشەببۇس
قىلايلى..........مۇھەممەد ئابدۇكېرىم(43)
ئىسراپخورلۇق ئەخلاقنىڭ دۈشمىنى ..... ئەمەتجان ئابلىمىت(46)

## ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتلىرى

نىزامىيە مەدرىسە .............. شەمشىدىن ھاجى(50)





**جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى**

**中国穆斯林**

(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)

(ئومۇمىي 83-سان 总第 83 期)

باش مەسئۇل:
ئادىل ھاجى كېرەم
باش مۇھەررىر:
شەمشىدىن ھاجى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
ھاجى بارات رەجەپ
تېخنىك تەھرىر، مەسئۇل كوررېكتور:
ئەنۋەر ھاجى مۇھەممەد
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:
شەمشىنۇر ھوشۇر


**主　管**: 阿地里江 · 阿吉克力木
**主　编**: 夏米西丁 · 哈吉
**副 主 编**: 巴拉提 · 热吉甫
**技术编辑**: 安瓦尔 · 穆罕默德
**封面设计**: 夏美希努尔 · 吾守尔

刊号 خەلقئارالىق نومۇرى : ISSN1007—5836
دۆلەت ئىچىي نومۇرى : CN11—1346/B
邮发代号 : 58—167 پوچتا ۋاكالەت نومۇرى :
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى : Q1720:
国外代号: Q1720



E-mail: ujmtb@yahoo.com.cn

China muslim



# مۇندەرىجە


## ئالىم-ئۆلىمالار

مولللا سادىق ئەلەم كاشغەرى.... مۇھەممەتجان قۇتلۇق تېكىن(53)

## مەسچىت-مەدرىسلەر

قۇمۇل شەھىرى تۆت كوچا مەسچىتى ۋە چاھارباغ مۇساپىرلار قەبرىستانى ..........ناسىر ھاپىز(56)

## ئىسلام دىنى غەيرىي ئىسلام ئەللىردە

ئىسلام دىنى تايلاندتا ............ ھاجى بارات رەجەپ(58)

## خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر

ئادىل ھاجى كېرەم "ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئەزھەرىلەرنىڭ 2-نۆۋەتلىك خەلقئارا مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.......... (59)

ئىران خەلقئارا ئىسلام تەتقىقات مەركىزى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى.......... (60)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئىسلامىيەت ئالىي كېڭەشنىڭ 19-نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى .......... (11)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ھەج خىزمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستاندا خىزمەت زىيارىتىدە بولدى ..........(45)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى لىۋىيىدە "ئىسلام مەدەنىيەت يۇرتى" نى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.......... (61)

شىنجاڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە سۆھبەتتە بولدى..........(61)

## ئىسلام مائارىپى

ئابدۇخالىق ھاجى ئابدۇلھەق، ئابدۇرىشىت ۋاسىل قاتارلىقلار خەۋىرى.......... (62)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

ئوبۇل ھېمىت، ياقۇپ ھاجى، تۇرسۇن ھېكىم قاتارلىقلار خەۋىرى .......... (63)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

ئەخەت ئابلىز، مۇساجان ياسىن قاتارلىقلار خەۋىرى ..........(64)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: غۇلجا بەيتۇللاھ مەسچىتى (ئادىل ئىسمائىل فوتوسى)


بۇ سان 2007-يىل 6-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشىردىن چىقتى

2007

2

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

تۈزگۈچى، نەشر قىلغۇچى:

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى

مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى:

مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار؛

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى؛

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى»ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 100053

تېلېفون نومۇرى: 59313090، 59313021-(010)

شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:

ئۈرۈمچى يەنئەن يولى 119-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830001

تېلېفون نومۇرى: 2572090 (0991)

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ (بېيجىڭ 399-خەت ساندۇقى)

主　　办：中国伊斯兰教协会
编辑出版：《中国穆斯林》维文编辑部
印　　刷：中央民族大学印刷厂
订阅、发行：全国各地邮局、乌鲁木齐市邮政局；《中国穆斯林》维文编辑部
地址：北京市宣武区南横西街 103 号
邮编：100053
电话：(010) 59313021，59313090
新疆发行站:乌鲁木齐市延安路 119 号
邮编:830001 电话：(0991) 2572090
国外发行：中国国际图书贸易公司
(北京 399 信箱)

# ھەدىس شەرىف ھەققىدە ئومۇمىي بايان*

مۇھەممەد سالىھ داموللا ھاجى

## ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دىيارىمىزدا ھەدىس شەرىف

ھىجرىيىنىڭ 2 ـ ، 3 ـ ، 4 ـ ئەسىرلىرى ئىسلام مەدەنىيىتى ئوتتۇرا ئاسىيا بويىچە جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان چاغلار ئىدى. بۇخارا، بەلخ، مەرۋە، نىشاپۇر، سەمەرقەند، خارەزىم قاتارلىق جايلار ئىسلام ئىلىملىرى ناھايىتى جانلانغان مەركىزىي رايونلاردىن ئىدى. ئەينى دەۋرلەردە بۇ جايلاردىن ئىلىمنىڭ ھەر قايسى ساھەسى بويىچە نۇرغۇن ئالىملار يېتىشىپ چىققان، جۈملىدىن ئىلمى ھەدىسمۇ زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەن. مۇھەددىسلەر ئۈستىدە توختىلىدىغان بولساق، ئالدى بىلەن مۇھەددىسلەرنىڭ پېشۋاسى ئىمام بۇخارى كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ( ماقالىمىزنىڭ باش قىسمىدا بۇخارىنىڭ تەرجىمىھالى بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن بۇ يەردە بۇخارى ھەققىدە توختالمايمىز) . خۇراساننىڭ ئالىمى دەپ ئاتالغان مەرۋىلىك ئىسھاق ئىبنى راھىۋەي (ھىجرىيە 161 ـ يىلى تۇغۇلغان) ئىمام بۇخارىدىن ئىلگىرى ئۆتكەن تونۇلغان ھەدىس ئالىملىرىدىن بولۇپ، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، تىرمىزى، نەسەئى قاتارلىق ھەدىسشۇناسلار ئۇنىڭ شاگىرتلىرىدىن ئىدى. ھىجرىيە 172 ـ يىلى تۇغۇلۇپ ھىجرىيە 258 ـ يىلى ۋاپات بولغان نىشاپۇرلۇق مۇھەممەد ئىبنى يەھيا «زۇملى» دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان بولۇپ، ئۆز زامانىدا ئەھلى ھەدىسنىڭ كاتتىلىرىدىن ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىمام بۇخارى، ئىمام مۇسلىم، ئىمام تىرمىزى، ئىمام نەسەئى، ئىمام ئىبنى ماجەلەر ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى ماختاپ ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيتتى. نىشاپۇرلۇق مۇھەددىس ھەسسان ئىبنى مۇھەممەد(ھىجرىيە 277 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 349 ـ يىلى ۋاپات بولغان) خۇراسان بويىچە ئەھلى ھەدىسلەرنىڭ پىرى ئىدى. نىشاپۇرلۇق بۇكەير ئىبنى مەئرۇب ھىجرىيە 163 ـ يىلى تۇغۇلغان ھەدىس ئالىمى بولۇپ، ئۇ ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. بۇ زات نىشاپۇردا مەھكىمە شەرئىدە قازى بولغان ۋە قۇرئانغا تەپسىرمۇ يازغان. نىشاپۇرلۇق ئەبۇ بەكرى سۈلەيمۇ ئىشەنچلىك ھەدىس ئالىملىرىدىن ئىدى. ئىبن ھىببان:”يەر يۈزىدە مەن ئەبۇ بەكرى سۈلەيدىن ئارتۇق سۈننەت كىتابلىرىنى لەفزى بىلەن قوشۇپ ھەممىنى يادا ئېلىپ چىقىدىغانلارنى كۆرمىدىم“ دېگەن. دارىقۇتنى ئۇنى ”مىسلىسىز ئادەم“ دەپ تەرىپلىگەن. ھەدىسشۇناس ھاكىم ”ئەبۇ بەكرى سۈلەيمىنىڭ يازغان ئەسەرلىرى 140تىن ئاشىدۇ“ دەيدۇ. ئۇ زات فىقھە بىلەن ھەدىسنى ماسلاشتۇرۇپ ئۆگەنگەن بولۇپ، يېتىشتۈرگەن شاگىرتلىرى سانسىزدۇر. خۇراسانلىق ئەبۇ سەھلىمۇ مۇھەددىس بولۇپ، ئىمام ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل، ئىمام بۇخارى قاتارلىق ھەدىس ئۇستازلىرى ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. نىشاپۇردا 20 يىل قازى بولۇپ ھەدىس بويىچە ھۆكۈم چىقارغان نىشاپۇرلۇق ئەبۇ ئىسھاق ھەم ھەدىسشۇناس ھەم فىقھەشۇناس ئىدى ۋە ئىمام ئەبۇ ھەنىفە مەزھىپىنىڭ كاتتا ئالىملىرىدىن ئىدى. بىشر ئىبنى قاسىم ئىبنى ھەمما نىشاپۇرلۇق ھەدىسشۇناس بولۇپ، مالىك ئىبنى ئەنەس، لەيس ئىبنى سەئىد، ھەممەد ئىبنى زەيد قاتارلىق

*ماقالىنىڭ باش قىسمى ژۇرنىلىمىزنىڭ ئۆتكەن يىللىق سانلىرىدا بېرىلگەن.

ھەدىسشۇناسلاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئۇنىڭ سەھل، ھەسەن، ھۈسەيىن قاتارلىق بالىلىرى نىشاپۇردا ئىمام ئەبۇ ھەنىفەنىڭ مەزھىپى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىدىغان فىقھەشۇناس قازىلار ئىدى. يەنە نىشاپۇرلۇق مۇھەممەد ئىبنى ھەمدۇنمۇ كۆزگە كۆرۈنگەن مۇھەددىسلەردىن ئىدى. نىشاپۇرلۇق ئەبۇ بەكرى جارۇدى ھەنەفىي مەزھىپىدىكى نامدار ھەدىسشۇناس بولۇپ، نەسەئى، ئەبۇ بەكرى خۇزەيمە ئۇنىڭدىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان.

بۇ دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادا يېتىشكەن ھەدىسشۇناسلار يالغۇز نىشاپۇردىلا ئەمەس، بۇخارا، مەرۋە، ھىرات، سەمەرقەند، بەلخ قاتارلىق جايلاردىمۇ نۇرغۇن ھەدىس ئالىملىرى مەيدانغا كەلگەن، مەرۋىدە يېتىشكەن نەزىر ئىبنى شۇمەيل مەرۋەزى ھەدىسشۇناسلا بولۇپ قالماستىن ھەم تىلشۇناس ھەم گراماتىكشۇناس، ئەدەبىياتشۇناس ئىدى، خەلىل ئىبنى ئەھمەدنىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە ئۇنىڭغا يېتىدىغىنى يوق ئىدى. بۇ زات ھەدىس ئىلمىنى پۈتۈن خۇراسان شەھەرلىرىدە ئومۇملاشتۇرغان. ئۇ خۇراسانغا ئۇزاپ چىققان چاغدا بەسرە ئاھالىسىدىن بولغان ھەدىسشۇناس، فىقھەشۇناس، لۇغەتشۇناس ئالىملاردىن ئۈچ مىڭ ئادەم ئۇنى ئۇزىتىپ چىققان. دەبىئ ئىبنى ئەنەس خۇراسانى ھەدىس ئالىمى بولۇپ ئەنەس ئىبنى مالىك، ھەسەن بەسرى قاتارلىق ئۇستازلاردىن ھەدىس ئۆگەنگەن. مەشھۇر ئۆلىما ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك ئۇنىڭدىن 40 ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئەبۇ مۇنزىر خۇراسانىمۇ ھىراتلىق بولۇپ، نۇرغۇن ئالىملاردىن ھەدىس رىۋايەت قىلغان. ئىبنى ھىببان، ئىبنى ھەنبەل، ئوسمان دارىمى قاتارلىق ئالىملار ئۇنى ئىشەنچلىك مۇھەددىس دەپ تەرىپلىگەن. مەرۋىلىك ھەسەن ئىبن مۇھەممەد ساغانى «مشارق الأنوار» (مەشارىق ئەنۋەر) ناملىق ھەدىس كىتابىنى يېزىپ ئابباسىيلار خەلىپىسى مۇستەنسىربىللاغا تەقدىم قىلغان. ئۇ مەشھۇر تىلشۇناس بولۇپ «مجمع البحرين»(«مەجمەئۇل بەھرەين»، ئىككى توملۇق لۇغەت)، «تكملة الصحاح» («تەكمىلەتۇسىھاھ»، ئالتە توملۇق لۇغەت)، «عباب»(ئۇباب)، «الأضداد» (ئەزداد) قاتارلىق لۇغەت كىتابلىرىنى يازغان، ئىلمى ھەدىستە يەنە «سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ شەرھىسىنى، ھەدىس رىۋايەت قىلغان ساھابىلارنىڭ تەرجىمىھالىنى يېزىپ چىققان. مەرۋىلىك ئالىم ئەبۇ سەئىد سەمئانى «شەرقنىڭ ھەدىسشۇناسى» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان. ئۇ ماۋەرائۇننەھرنىڭ نۇرغۇن جايلىرىغا بېرىپ ئىلمى ھەدىس بىلەن شۇغۇللانغان، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، ئۇنىڭ يازغان ئەسەرلىرى 38 خىلغا يەتكەن. ئەھمەد ئىبنى ھاج ئىبنۇل قاسىم ھەدىس پېشۋاسى ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەكتىن ھەدىس تەھسىل قىلغان زات بولۇپ؛ ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتى مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن شەيبانىنىڭ قۇردىشى ئىدى. ئۇ ئۆز زامانىدا نىشاپۇر بويىچە ھەنەفىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ كاتتا ئىمامى سانالغان. مەرۋەزى دەپ نام ئالغان ھاكىم بەلخلىق مەشھۇر مۇھەددىس بولۇپ، مەرۋىنىڭ ئالىمى، زامانىدىكى ھەنەفىي مەزھىپىدىكىلەرنىڭ ئىمامى دەپ تونۇلغان ۋە ئۆز زامانىدا بۇخاراغا قازى بولغان. خۇراساننىڭ ئەمىرى ئۇنى ئۆزىگە ۋەزىر قىلىۋالغان. ئۇ «كافى» دېگەن كىتابنى يېزىپ، ھەنەفىي مەزھىپىنى كەڭ دائىرىدە شەرھىلىگەن. خۇراسان رايونىنىڭ ئۆلىمالىرى ئۇنىڭدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. نىشاپۇرلۇق مۇئەررىخ ھاكىم ئەبۇ ئابدۇللا ئۆزىنىڭ يازغان «نىشاپۇر تارىخى» دېگەن كىتابىدا:”ئەبۇ ھەنىفەنىڭ شاگىرتلىرىنىڭ ئىچىدە ھەدىسنى ھاكىم مەرۋەزىدىن ئارتۇق بىلىدىغان ئادەم كۆرۈلمىدى“ دېگەن. ئەبۇ نەسر ئىيازى سەرەخسى ھەدىس ئالىملىرىدىن بولۇپ، نۇرغۇن ھەدىسلەرنى يادا بىلەتتى. ئۇ سەرەخسى، بۇخارا، بەلخ، مەرۋە قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ھەدىس ئۆگەنگەن. ئۇ ھىجرىيە 464 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، 532 ـ يىلى ۋاپات بولغان. بۇ زاتنىڭ فىقھەشۇناس ئىككى ئوغلى بولغان، ئۇلارنىڭ بىرى ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبن ئەھمەد ئىيازى، يەنە بىرى ئەبۇ ئەھمەدلەردىن ئىبارەت بولۇپ ئىككىسىلا ھەدىسشۇناسلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن ئىلىملاردا يېتىلگەن زاتلار ئىدى. ئەبۇ ئەھمەد ئىيازى دادىسىدىن دەرس ئېلىپ، ھەنەفىي فىقھىدا كامالەتكە يەتكەنىدى. ماۋەرائۇننەھر بويىچە ئالىملارنىڭ پېشۋاسى شەيخ ئەبۇ ھەفسى بۇخارى مۇنداق دېگەن:”ئىمام ئەبۇ

ھەنبەل مەزھىپىنىڭ توغرىلىقىغا شۇ نەرسە پاكىتكى، ئەبۇ ئەھمەد ئىيازى ھەنەفىي مەزھىپىدۇر. ھەنەفىي مەزھىپى ھەممىدىن مەقبۇل مەزھەپ بولمىغان بولسا، ئەبۇ ئەھمەد ئىيازى بۇ مەزھەپنى تاللىمىغان بولاتتى". يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇ ئايانكى، ئەينى زامانلاردىكى مۇھەددىسلەرنىڭ ئىچىدىن زور بىر تۈركۈمى ھەنەفىي مەزھىپىدە ئىدى. ماۋەرائۇننەھىر بويىچە ھەنەفىي مەزھىپى خېلىلا ئومۇملاشقانىدى. دېمەك، مەرۋە، بۇخارا، نىشاپۇر، سەمەرقەند قاتارلىق ئوتتۇرا ئاسىيا يۇرتلىرىدا ھەدىس بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئىلىم ئەربابلىرى، مۇھەددىسلەر ۋە بۇ جەھەتتە كىتاب تەسنىپ قىلغۇچىلار كۆپ ئىدى. بۇخارا ئەينى زامانلاردا ھەدىس تەھسىل قىلغۇچىلارنىڭ تەلپۈنىدىغان جايى ئىدى. ئىمام بۇخارىنىڭ «التاريخ الكبير»ناملىق ئەسىرىگە قارىساق، ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي قوۋملىرىنىڭ ئىلمى ھەدىسكە نەقەدەر ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئىمام زەھەبىنىڭ «تذكرة الحفاظ»(مۇھەددىسلەر تەرجىمىھالى) ناملىق ئەسىرىدە ھىجرىيە 7 ـ ئەسىرنىڭ يېرىمىدىن بۇرۇن ئۆتكەن 1176نەپەر مۇھەددىسنىڭ تەرجىمىھالى بېرىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئارىسىدىكى 652 نەپەر مۇھەددىس ئوتتۇرا ئاسىيالىقتۇر. ئالاھازەل بىر دەۋردىلا ھەدىسشۇناسلارنىڭ ئاساسلىق پىر ـ پېشۋالىرى ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ نۇرى پارلىغان مۇبارەك دىيار ئوتتۇرا ئاسىيادا مەيدانغا كەلگەن. ئۇلارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىدىغان بولساق، «سەھىھۇلبۇخارى»نىڭ مۇئەللىپى ئىمام بۇخارى بۇخارادىن بولۇپ، بۇ جاي ھازىرقى ئۆزبېكىستانغا تەۋە. «سۇنەن تىرمىزى»نىڭ مۇئەللىپى ئىمام مۇھەممەد ئىسا تىرمىزى تىرمىزدىن بولۇپ، بۇ جاي ھازىر ئۆزبېكىستانغا تەۋە. «سۇنەن نەسەئى»نىڭ مۇئەللىپى ئىمام ئەھمەد ئىبنى ئەلى نەسەئى دېگەن يەردىن بولۇپ، بۇ جاي ھازىر تۈركمەنىستانغا تەۋە. «سۇنەن دارىمى»نىڭ مۇئەللىپى ئىمام ئابدۇللا ئىبنى ئابدۇرەھمان سەمەرقەندنىڭ دارىمى دېگەن جايىدىن بولۇپ، بۇ جاي ھازىر ئۆزبېكىستانغا تەۋە. «مۇسنەد» كىتابىنىڭ مۇئەللىپى ئەھمەد ئىبنى ھەنبەل شەيبانى مۇرۇزى مەرۋىدە تۇغۇلغان بولۇپ، مەرۋە ھازىر تۈركمەنىستانغا تەۋە. «سەھىھۇلمۇسلىم»نىڭ مۇئەللىپى ئىمام مۇسلىم ئىبنى ھەججاج نىشاپۇرلۇق بولۇپ، ھازىر نىشاپۇر ئىراننىڭ شىمالىدا. «سۇنەن ئەبۇ داۋۇد»نىڭ مۇئەللىپى ئەبۇ داۋۇد سۇلايمان سىجىستاندىن بولۇپ، سىجىستان ھازىر ئافغانىستاننىڭ شىمالىغا تەۋە. «سۇنەن ئىبنى ماجە»نىڭ مۇئەللىپى ئىمام مۇھەممەد ئىبنى يەزىد ئىبنى ماجە قەزۋىنلىك بولۇپ، بۇ جاي ھازىر ئەزەربەيجانغا تەۋە.

يۇقىرىقى ئىسىملاردىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇپتىكى، تىلغا ئېلىنغان سەككىز ئالىمنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا (ئەينى زامانلاردا خۇراسان رايونى نىشاپۇر، بەلخ، مەرۋە، ھىراتنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى، ئاھالىسىنىڭ تولىسى تۈركىي خەلقلەر ئىدى)دىن ئىكەنلىكىنى كۆرۈمىز.

ئەينى زامان مۇھەددىسلىرى ھەدىسلەرنى ئىسنادى بىلەن قوشۇپ رىۋايەت قىلاتتى. مۇھەددىس مۇھەممەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبنى سابىر ئىبنى كاتىپ(ھىجرىيە 380 ـ يىلى ۋاپات بولغان) مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئەشئەد(ھىجرىيىنىڭ 388 ـ يىلى ۋاپات بولغان)لەر بۇ جەھەتتە ئالاھىدە نام چىقارغانلاردىن ئىدى. ئەھلى ھەدىسنىڭ بەزىلىرى ھەدىسلەرنى ناھايىتى كۆپ يادقا بىلەتتى ۋە ھەدىس رىۋايەت قىلغۇچىلارنىڭ تارىخىنىمۇ پۇختا ئىگىلەيتتى. ھىجرىيە 344 ـ يىلى ۋاپات بولغان ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئىبنى زەكەرىيا ئۆز يۇرتىنىڭ مۇھەددىسلىرى ۋە ئۇلار رىۋايەت قىلغان ھەدىسلەرنى ئىسنادى بىلەن دەپ بېرەلەيتتى، ئۇلارنىڭ نەسەبلىرىنى ياخشى بىلەتتى. ئابدۇللا ھۇسەيىن ئىبنى ھەسەن(ھىجرىيە 388 ـ يىلى ۋاپات بولغان) "ئەھلى ھەدىسنىڭ باشچىسى" دەپ ئاتالغان. ئىبنى خۇللىكان ئۇنى "ئۆز تارىخىدا ھەممە ئادەم مۇراجىئەت قىلىدىغان ھۆرمەتلىك ئىمام" دەپ تەرىپلىگەن. بۇخارالىق ئەبۇ نەسر ئەھمەد مەشھۇر مۇھەددىس بولۇپ، ماۋەرائۇننەھىردىكى مۇھەددىسلەرنىڭ ھەممىسىدىن ئارتۇق تۇراتتى. مۇھەددىس ھاكىم ئۇ ھەققىدە:"ماۋەرائۇننەھىردە ئۇنىڭ ئوخشىشى يوق" دېگەن. بەزى مۇھەددىسلەر چوڭ ھەدىسشۇناسلارنى ئەھلى ھەدىسنىڭ ئىمامى دەپ

ئاتىغان. ئوتتۇرا ئاسىيا ئالىملىرى ئىچىدە ''بۇندار'' دېگەن نام بىلەن ئاتالغانلارمۇ بولغان. مەسىلەن، ئەبۇ سالىھ خەلەف ئىبنى مۇھەممەد ''بۇخارانىڭ بۇندارى'' دەپ ئاتالغان. ''بۇندار'' سۆزى پارسچە بولۇپ، لۇغەتتە''قىممەتلىگەندە سېتىش ئۈچۈن نۇرغۇن مالنى بېسىۋېلىپ ساقلايدىغان سودىگەر'' دېگەن مەنىدە. تارىخچىلار گويا ''بۇندار'' دېگەن سۆزنى ئىشلىتىپ بۇ مۇھەددىسنىڭ يادا ئالغان ۋە رىۋايەت قىلغان ھەدىسلىرىنىڭ كۆپلۈكىنى ئىپادىلىمەكچى بولغان. ئىمام بۇخارىدىن كېيىنمۇ بۇخارادا نۇرغۇن مۇھەددىسلەر مەيدانغا كەلگەن. ئەبۇ لەيس ئابدۇللا ئىبنى سۇرەيج بۇخارى شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇ تەكرارلىنىدىغان ھەدىسلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا 10مىڭ ھەدىسنى يادا بىلەتتى. شۇنداقلا بۇخارالىق مۇھەممەد ئىبنى ھەسەن زەۋزەنى(ھىجرىيە 370 ـ يىلى ۋاپات بولغان) دىنىي ئىلىملاردا 100دىن ئارتۇق كىتاب يازغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھەدىس كىتابلىرىمۇ بار ئىدى. بۇخارالىق ئىمام مۇھەممەد پەربەرى تونۇلغان مۇھەددىس بولۇپ، «سەھىھۇلبۇخارى»نى ئىمام بۇخارىدىن بىۋاستە رىۋايەت قىلغان. سەمەرقەندلىك نەسر ئىبنى مۇھەممەد ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئالىملىرىدىن بولۇپ، شەرىئەت ئەھكاملىرى ۋە ھەدىسلەردىن تۈزۈلگەن 150 بابلىق «بستان العارفين» (بوستانۇل ئارىفىن) كىتابىنى يازغان. بۇ زات يەنە نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ جۈملىدىن يەنە ھەدىس كىتابى «جامع الصغير»(جامىئۇسسەغىر)نىڭ شەرھىنىمۇ يازغان. ئەللامە مىر سەئىد شەرىف جۇرجانى نۇرغۇن ئەسەر يازغان بولۇپ، «نەسەئى»كىتابىغا شەرھ يازغان. ھەنەفىي مەزھىپىنىڭ ئالىملىرىدىن ''قازىخان'' نامى بىلەن مەشھۇر پەرغانىلىق ھەسەن ئىبنى مەنسۇر تۆت توملۇق پەتىۋا كىتابىنى يازغان، ئۇ يەنە بىر مۇنچە ئەسەرلەرنى، جۈملىدىن ھەدىس كىتابى«جامع الصغير» (جامىئۇسسەغىر)نىڭ شەرھىسىنى يازغان. ئەبۇل ئابباس جەئفەر مۇستەغفىرى نەسەفى(ھىجرىيە 350 ـ يىلى تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 432 ـ يىلى ۋاپات بولغان) كۆپ ئەسەر يېزىش بىلەن شۆھرەت قازانغان. ئۇ ئۆز زامانىسىدا ماۋەرائۇننەھرنىڭ ھەدىسشۇناسى دەپ نام چىقارغان. ئەبۇ بەكرى ئەھمەد ئىبنى ھۇسەيىن بەيھەقى (ھىجرىيە 458 ـ يىلى ۋاپات بولغان) مەشھۇر كىتابلارنىڭ ئاپتورى بولۇپ، 1000 پارچىغا يېقىن ئەسەر يازغان.

ئەبۇ بەكرى قەففال شاشى(ھىجرىيە 335 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئۆز زامانىسىنىڭ تەڭداشسىز ئىمامى ئىدى. ئۇ فىقھەشۇناس، ھەدىسشۇناس، تەپسىرشۇناس، تىلشۇناس بولۇپ، نۇرغۇن ئەسەرلەرنى يازغان، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئۈچۈن خۇراسان، ئىراق، ھىجاز، شام قاتارلىق جايلارغا بارغان.

بۇخارادا ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ھەر بىر مەركىزىي جايلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ئىلمى ھەدىس بابىدا زور ۋە چوڭقۇر ئىلمى تەتقىقات پائالىيەتلىرى مەيدانغا كەلگەنىدى. نۇرغۇن ئالىملار باشقا يۇرتلارغا بېرىپ، بۇ جەھەتتىكى ئىلمىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىناتتى، ئۆزئارا باردى ـ كەلدى قىلىشىپ، ئىلىم ئالماشتۇرىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇراتتى. زەھەبىنىڭ «ئىسلام تارىخى» دېگەن كىتابىدا يېزىلىشىچە، ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىدا ئەينى زامانلاردا بىر قېتىم 40 تۆگىگە يۈك ئارتىلغان كارۋان قاتنىغان. كىشىلەر ئارتىلغان يۈكلەرنىڭ ئېغىرلىقى ۋە چوڭلۇقىغا قاراپ كىيىم ـ كېچەك دەپ قىياس قىلىشقان. ئۇلار ئىنچىكە دىققەت قىلىپ قارىغاندا، ئارتىلغان يۈكلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ جىلد ـ جىلد ھەدىس كىتابلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈشكەن.

ھەدىس ئىلمىدە كامالەتكە يەتكەنلەر ئەرلەر بولۇپلا قالماستىن ئاياللاردىنمۇ ئىلمى ھەدىسلەرنىڭ ئالىمەلىرى مەيدانغا كەلگەن. بۇخارالىق قازى ئەبۇ زەرنىڭ قىزى سۆكەينە چوڭ دادىسى بۇخارالىق ھەدىسشۇناس مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈفكە باغلاپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى رىۋايەت قىلاتتى. چوڭ دادىسى مۇھەممەد ئىبنى يۈسۈف بولسا ئىمام بۇخارىنىڭ ھەمراھلىرىدىن ئىدى. مەرۋلىك ئەھمەد ئىبنى مۇھەممەد ئىبن ھاتەمنىڭ قىزى كەرىمە ئىلمى ھەدىستە يېتىلگەن پازىل ھەدىسشۇناس ئىدى. سەمئانى:''دادام كەرىمەنى تىلغا ئالىدىغان بولسا، كەرىمەنىڭ ئوخشىشى تېپىلمايدۇ دەيتتى'' دېگەن. دادىسى كەرىمەنى ئېلىپ بەيتۇلمۇقەددەسكە بارغان، ئاندىن مەككىگە بېرىپ

جايلىق بولغان. كەرىمە ھەج مەۋسۇملىرىدە نۇرغۇن قېتىم «سەھىھۇلبۇخارى»دىن دەرس ئۆتكەن، نۇرغۇن ئادەم ئۇنىڭدىن ھەدىس ئۆگەنگەن. ھەدىسشۇناس خەتىپ مەككىدىكى چاغدا بەش كۈندە «سەھىھۇلبۇخارى»نى كەرىمەدە ئوقۇپ ئۆتكۈزگەن. ئۇ ھىجرىيە 463 ـ يىلى مەككىدە يۈز يېشىدا ۋاپات بولغان بولۇپ، ھاياتىدا ياتلىق بولمىغان.

ئىمام ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك(ھىجرىيە 118 ـ يىلى مەرۋىدە تۇغۇلغان) ھەدىسشۇناسلارنىڭ كاتتىلىرىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئانىسى خارەزىملىك ئىدى. ئىمام ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك نۇرغۇن ئىلىملەردە توشقان ئالىم بولۇپ، ئۆز زامانىسىنىڭ يېگانىسى ئىدى. ئۇ ئەينى زامان ئىلىم ـ مەرىپەت مەركەزلىرىنىڭ ھەممىسىگە بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ ئىلىم ئۆگەنگەن ھەدىس ئۇستازلىرىنىڭ سانى 4000غا يېتىدۇ. فۇزەيل ئىبنى ئىياز ئۇنىڭغا مۇنداق دېگەن:"ئى ئىمام، سەن دۇنياغا بېرىلمەسلىككە، زاھىدلىققا بۇيرۇيسەن. ھالبۇكى سېنىڭ تىجارەت ماللىرىڭنىڭ خۇراساندىن مەككە مۇكەررەمەگە كېلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈۋاتىمىز. بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسەن؟" دېگەندە ئىمام ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەك:"باشقىلارنىڭ قولىغا قاراپ قالماسلىق ئۈچۈن، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا ياردىمى بولۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىمەن. ئاللاھ يولىدا بېرىشكە تېگىشلىك ھەقلەرنىڭ ھەممىنى بېرىمەن، سىلەر بولمىساڭلار، مەن تىجارەت قىلمىغان بولاتتىم" دەپ جاۋاب بەرگەن. بۇ ئالىم قۇرئاننى تەپسىر قىلىش جەھەتتە بولسۇن، ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلىش ياكى ھەدىسلەرنىڭ ئىسنادلىرىنى قاتتىق تەلەپ بويىچە تەكشۈرۈش جەھەتتە بولسۇن، ھەدىسنى ئايرىشنىڭ ئۇسۇل ـ قائىدىلىرى توغرىسىدا بولسۇن كۆپلىگەن كىتابلارنى يازغان. يازغان كىتابلىرى ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىنى تارقىتىش ئۈچۈن كۆپ خىزمەت قىلغان بولۇپ، ھەدىس ساھەسىدە "مۇمىنلەرنىڭ ئەمىرى" دېگەن نامغا مۇناسىپ زاتتۇر. ئۇ ئىلمى فىقھەدە ئىمام سەۋرى، ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھەنىفە ۋە ئىمام مالىكلارنى ئۇستاز تۇتقان. ئەھلى ھەدىس بىلەن ئەھلى فىقھەنىڭ قاراشلىرىنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە بىرلەشتۈرگەن. ئىمام مالىك ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرەتتى ۋە ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقىدىن سۆيۈنەتتى. ئىمام ئەزەم ئەبۇ ھانىفە ئىمام ئابدۇللا ئىبنى مۇبارەكنىڭ كۆپ ھەدىس رىۋايەت قىلغانلىقىغا، ئۇنىڭ زېرەكلىكىگە ۋە گۈزەل ئەخلاقىغا شاھىد ئىدى. ئۇنى تونۇيدىغانلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى "خۇراسان دىيارىنىڭ فىقھەشۇناسى" دەپ تەرىپلەيتتى.

يۇقىرىدا بىز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سامانىلار ۋە غەربىي قاراخانىيلار دەۋرىدىكى ھەدىسشۇناسلىقنىڭ تەرەققىياتى ئۈستىدە توختالدۇق. ئەمدى شەرقىي قاراخانىيلار رايونىدىكى ھەدىسشۇناسلىقنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى ئۈستىدە سۆزلەيمىز.

10 ـ 12 ـ ئەسىرلەردە قاراخانىيلار، سالجۇقىلار، غەزنەۋىيلەر، ئابباسىيلار سۇلالىلىرى دەۋرىدە، ئاھالىنىڭ كۆپ قىسمى ياكى مەلۇم قىسمى تۈركىي قەۋملەردىن بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ۋە باردى ـ كەلدى ئىشلىرى قويۇق ئىدى. شۇنداقلا ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ ھەر قايسى مەرىپەت مەركىزى بولغان جايلارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلىشى راۋاجلاشقان مەزگىللەر ئىدى. قاراخانىيلارنىڭ شەرقىي رايونلىرىدىن جۇملىدىن ئەينى زامان ئىلىم ئوچاقلىرىدىن بىرى بولغان كاشغەردىن بۇخارا، باغداد، خۇراسانلارغا بېرىپ، ئىلىم ئۆگىنىپ يېتىلگەن ئالىملار ئاز ئەمەس ئىدى. ئەپسۇسكى، ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرىنىڭ نام ـ نىشانى ۋە يازغان ئەسەرلىرى كېيىنكىلەرگە يېتىپ كېلەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ جەھەتتە يېتەرلىك مەلۇماتقا ئىگە ئەمەسمىز. شۇنداقتىمۇ بىزگە مەلۇم بولغان ھەدىس بىلەن شۇغۇللانغان ئالىملارنى تىلغا ئېلىپ ئۆتىمىز.

ھىجرىيە 486 ـ يىلى(مىلادىيە 1093 ـ يىلى) كاشغەردە ۋاپات بولغان ھۈسەيىن ئىبنى ئەلى ئىبنى خەلەف كاشغەرى يۇقىرىدا بىز تىلغا ئېلىپ ئۆتكەن ئىلىم ـ مەرىپەت بۆشۈكلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىپ، ھەدىسشۇناسلىق ساھەسىدە زەبەردەس ئالىم بولۇپ يېتىلگەن. ئۇ زات ئىلمى ھەدىستە مەخسۇس 200 رىسالە يازغان. يىراق يۇرتلار ۋە قەشقەردە نۇرغۇن يىل دەرس ئۆگىتىپ، كۆپلىگەن تالىپئىلىملەرنى تەربىيىلىگەن. جامال قارشى ھۈسەيىن خەلەف كاشغەرنى تەپسىر، ھەدىس ۋە باشقا پەنلەردە نۇرغۇن

ئەسەرلەرنى تەسنىپ قىلغان دەيدۇ ۋە بۇ زاتنى تىلغا ئالغاندا ” الإمام الأجل صاحب التصنيف والتأليف ركن السلام (بۈيۈك پېشۋا، كۆپ كىتابلارنىڭ مۇئەللىپى، ئىسلامنىڭ تۈۋرۈكى)“ دېگەن سۆزلەر بىلەن سۈپەتلەيدۇ. مەھمۇد كاشغەرى بۇ زاتتا ھەدىس ئىلمىنى تەلىم ئالغان ۋە ھۈسەيىن خەلەپ كاشغەرىنى ”شەيخ، ئىمام، زاھىد“ دىن ئىبارەت ئۈچ سۆز بىلەن سۈپەتلىگەن. شەيخ، ئىمام — ئىلمى ھەدىسنىڭ پىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتسە، زاھىد دېگەن سۆز ھەدىس رىۋايەت قىلىشتا ناھايىتى ئىشەنچلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. مەھمۇد كاشغەرى ھۈسەيىن خەلەپ كاشغەرىدىن، نىشاپۇرلۇق بىر ئالىمدىن، بۇخارالىق بىر ئالىمدىن ئاڭلىغان بىر قانچە ھەدىسنى «دىۋان لۇغەت تۈرك» تە نەقىل قىلىپ ئۆتىدۇ. بۇنىڭدىن يۇقىرىقى جايلاردا مەھمۇد كاشغەرىنىڭ ھەدىس ئىلمىنى ئۆگىنىپ، ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللانغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز.

ھۈسەيىن خەلەپ كاشغەرىنىڭ ئابدۇل غەففار ئىسىملىك ئوغلى ھەدىس، تەپسىر ۋە باشقا پەنلەردە نۇرغۇن كىتابلارنى يازغان، دادىسىغا ئوخشاش توشقان ئالىم بولۇپ، ”زېرەك ئابدۇل غەففار“ دەپ تونۇلغان. «قەشقەر تارىخى» نىڭ ئاپتورى مۇشۇ ئابدۇل غەففار ئىدى. جامال قارشى «مۇلھەقات سۇراھ» («سۇراھ» كىتابىغا ئىلاۋە) دېگەن نام بىلەن ئەنە شۇ «قەشقەر تارىخى» نىڭ بىر قىسىم مەزمۇنىنى بەرگەن. ئابدۇل غەففارنىڭ «قەشقەر تارىخى» ۋە باشقا ئەسەرلىرى بىزگە يېتىپ كېلەلمىگەن. ھۈسەيىن ئىبنى ھەسەن ئىبنى ئابدۇللا كاشغەرى ئىسىملىك مۇھەددىس مەرۋە، نىشاپۇرلارغا بېرىپ ئىلىم تەھسىل قىلغان. ئۇ ئىلمى ھەدىستە كامالەتكە يەتكەنلىكى ئۈچۈن شۇ جايلاردا ئىلمى ھەدىستىن دەرس ئۆگەتكەن. بۇ ئادەم مەھمۇد كاشغەرى بىلەن زاماندىش ئىدى. كاشغەرلىك ھەدىسشۇناس مۇھەممەد كاشغەرى كۆزگە كۆرۈنگەن مۇھەددىسلەردىن بولۇپ، ئەينى زامان ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام مەدەنىيەت مەركەزلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە ئىلىم ئۆگىتىش بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن نەتىجىلەرنى ياراتقان. ئىبنى ھەجەر ئەسقەلانىنىڭ «الإصابة فى تمييز الصحابة» (ساھابىلەرنىڭ تەرجىمھالى) ناملىق كۆپ قىسىملىق كىتابىنى ئىخچاملاپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن ئاسانلاشتۇرۇپ باشقىچە تۈزۈپ چىققان. ئۇنىڭ ئىلمى ئەسەرلىرى ئىچىدە بۇ ئەسەر ئالىملارنىڭ ئالاھىدە دىققىتىنى قوزغىغان، ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنەرلىك كىتابتۇر.

چاغاتاي دەۋرىدىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە دىيارىمىزدا ئىلمىي ھەدىسنىڭ راۋاجى توختاپ قالمىغان. جامال قارشىنىڭ ”دىنىنىڭ تۈۋرۈكى“ دەپ ئاتالغان ئۇستازى ئەھمەد ئىبنى ئەييۇب بالاساغۇنلۇق بولۇپ، ھەممە ئىلىمگە جۈملىدىن ھەدىس ئىلمىگە ماھىر ئىدى. ھەدىس كىتابى «مۇنيە» نىڭ مۇئەللىپى، **40** ھەدىسكە شەرھ يازغۇچى، مۇھەددىسلەرنىڭ تۇگەنچىسى دەپ نام ئالغان ئەبۇلفەزائىل مۇھەممەد ئىبن ئەبۇ بەكرى ھىجرىيە **645** ـ يىلى ۋاپات بولغان. ھەممە ئىلىملەردە ئۈزۈپ چىققۇچى چوڭ تەتقىقاتچى جامال قارشىنىڭ ھەدىس ئۇستازى كاسانلىق ئەشرەب ئىبنى نەجىپ مۇھەممەد چاغاتاي خانلىقىنىڭ پايتەختى ئالمالىقتا مۇدەررىس بولۇپ تۇرغاندىن كېيىن، كاشغەرگە يۆتكىلىپ بېرىپ، ھىجرىيە **459** ـ يىلى كاشغەردە ۋاپات بولغان. خوجەندلىك مۇھەددىس ئىمام بۇرھاندىن چاغاتاي خانلىقى پايتەختى ئالمالىقتا ماكانلىشىپ قالغان. بۇ دەۋرلەردە ئىلمى ھەدىسنىڭ بۇنچە گۈللەپ ياشنىشىغا بەزى ھۆكۈمرانلارنىڭ كۈچلۈك بۆلۈشى تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. سامانىلار ھۆكۈمرانلىرىدىن ئەمىر ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد سامانى ئىلمى ھەدىسنىڭ تەرەققىياتىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئىبن ئىماد مۇنداق دېگەن: ”ئەمىر ئىسمائىل ئىبنى ئەھمەد سامانى ئىلىم ۋە ھەدىسنىڭ راۋاجىغا تولىمۇ ئەھمىيەت بېرەتتى“. ئىمام بۇخارى بىلەن زاماندىش بولغان بۇخارا ئەمىرى خالىد ئىبنى ئەھمەد زۇھلى ئىلمى ھەدىستە ھاپىزلىق دەرىجىسىگە يەتكەن زات ئىدى. ئىبنى جازى ئۇنى سۈپەتلەپ: ”بۇ ئەمىر ھەدىسكە تولىمۇ قىزىقاتتى. ھەدىس راۋاجى ئۈچۈن بىر مىليون دىرھەم سەرپ قىلغان. ئۇ مۇھەددىسلەرنى ۋە ھاپىزلارنى ھەدىسنى مۇھاكىمە قىلىش ئۈچۈن ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرىپ سورۇن ئۇيۇشتۇرۇپ بېرەتتى“ دېگەن. غەزنەۋىيلەر سۇلتانى

مەھمۇد غەزنەۋىمۇ ھەدىسكە ناھايىتى كۆڭۈل بۆلگەن. ئۆز زامانىسىدىكى ئەھلى ھەدىسنىڭ پېشۋاسى سەھل ئىبنى مەھمۇد سەلۇكى مەھمۇد غەزنەۋىنىڭ ئەڭ يېقىن ئادىمى ئىدى. مەھمۇد غەزنەۋى قاراخانىيلارنىڭ خاقانى ئىلىكخان بىلەن دوستلىشىپ مۇناسىۋەتنى ياخشىلاش ئۈچۈن تەشەببۇسكار ھالدا ئالدى بىلەن سەھل ئىبنى مەھمۇد سەلۇكىنى ئىلىكخانغا ئەلچىلىككە ئەۋەتكەن. ئەينى زامانلاردا تالىبۇلئىلىملەر ئىلمى ھەدىس ئۆگىنىشكە ۋە بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈشكە كىچىككىدىنلا قىزىقتۇرۇلاتتى. بۇخارانىڭ مەدرىسلىرىدە تالىبۇلئىلىملەرگە ئوقۇشنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىلا ئىلمى ھەدىس ئۆگىتىش يولغا قويۇلغان. ئىمام بۇخارى يېشى ئونغا يەتمەستىنلا ھەدىس ئۆگىنىشنى باشلىغان. جامال قارشى ئۆزىنىڭ ئىلىم تەھسىل قىلىش جەريانىنى ئېيتىپ كېلىپ مۇنداق دەيدۇ: ”كىچىككىمدە ئالىملىقتىكى چېغىمدا ’زامانىسىنىڭ نۇئمانى سانى(ئەبۇ ھەنىفەسى)‘ دەپ نام ئالغان ئەشرەب ئىبنى نەجىب ئەبۇ مۇھەممەد كاسانىدا 12 يېشىمدىلا ئەرەبچە بىلەن بىللە ھەدىس ئۆگەنگەنىدىم. بۇ زات پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسنى ماڭا ئەڭ ئالدى بىلەن ئۆگەتكەن: ’ئىلىم— بىلىمنىڭ ئەۋۋەلىسى ئاللاھ تائالانى ھەقىقىي تونۇشتۇر. ئىلىمنىڭ ئاخىرى ئىشنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشتۇر‘. مانا بۇ ھىجرىيە 640 ـ يىللار ئىدى. ئۇستازىم بولغان بۇ بۈيۈك كىشى بىر قانچە يىلدىن كېيىن كاشغەرگە بېرىپ ئۇ يەردە تۇرۇپ قېلىپ، ھىجرىيە 659 ـ يىلى ۋاپات بولغان. مەن ئالىملىقتىن سەپەر قىلىپ خوجەندكە بارغان چېغىمدا ئەينى زامان ماشايىخلىرىدىن بولغان جاۋالىقى مېنى قىزغىن كۈتۈۋالغان. مېنى مېھمان قىلىپ، داستىخان يىغىلغاندىن كېيىن، مېنىڭ ئوغلى بەدىردىنگە بىرەر ھەدىس ئۆگىتىپ قويۇشۇمنى ئۆتۈنگەن“.

15 ـ ئەسىرلەردە يالغۇز ھىرات مەدرىسلىرىدە 11مىڭ تالىپ ئوقۇيتتى. ئوقۇلىدىغان دەرسلەر ئىچىدە ھەدىس دەرسى مۇھىم دەرس قاتارىدا سانىلاتتى. بۇ چاغلاردا ھەدىسلەرنى ئاغزاكى تەرجىمە قىلىپ يەتكۈزۈش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي يېزىق تەرجىمىسىمۇ مەيدانغا چىقىشقا باشلىدى. بۇ ئىشنى ئالدى بىلەن ئابدۇرەھمان جامى قولغا ئېلىپ 40 ھەدىسنى نەزمە شەكلىدە پارسچىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئاندىن ئەلىشىر نەۋائىي «سەھىھ بۇخارى»، «سەھىھ مۇسلىم» كىتابلىرىدىن ئەدەپ ـ ئەخلاق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتكە دائىر ھېكمەتلىك ھەدىسلەردىن 40نى تاللاپ چىقىپ ئۇنى ئۇيغۇرچىغا نەزمە شەكلىدە مەزمۇنەن تەرجىمە قىلىپ چىققان، نەسرى تەرجىمىسىمۇ بېرىلگەن. بۇ يەردە شۇ تەرجىمە قىلىنغان ھەدىسلەرنىڭ بەزى نەمۇنىلىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمىز.

”لا يؤمن احدكم حتى يحب لأخيه ما يحب لنفسه“

مۇئمىن ئېرمەستۇر ئولكى ئىماندىن،
روزىگاردا يوق سەفا كۆرگەي.
تاكى قەرداشىغە راۋا كۆرمەس،
ھەرنىكىم ئۆزىگە راۋا كۆرگەي.

”من لا يرحم الناس لا يرحم الله“

تەڭرىدىن رەھىم ئەگەر تەمەئ قىلساڭ،
ئەۋۋەل ئولماق كېرەك سەن ئەلگە رەھىم.
ھەر كىشى ئۇلۇسقە رەھىم ئەتمەس،
ئاڭا رەھىم ئەيلەمەس رەھىمۇكەرىم.

”المسلم من سلم المسلمون من يده و لسانه“

كىم مۇسۇلمان ئەيلەسە دەئۋاى،
چىن ئەمەس گەر فىدا قىلۇر جانلار.
ئول مۇسۇلماندۇركى سالىمدۇر،
تىلىيۇ ئىلكىدىن مۇسۇلمانلار.

جامال قارشى ئۆز ۋاقتىدا كاشغەردە كاتتا ئالىم نامى بىلەن داڭ چىقارغان ھەنەفىي فىقھەسىنىڭ نوپۇزلۇق كىتابى «هداية»نىڭ شەرھىسى «نهاية» نىڭ مۇئەللىپى زەينۇلئەئىممەنى مۇنداق سۈپەتلەيدۇ: ”مەۋلا يىمىز زەينۇلئەئىممە ئالىملارنىڭ كاتتىسى، كامالەتكە يەتكەن ئۆلىمالارنىڭ ئۇلۇغىسىدۇر. شان ـ شەرەپ مەيدانىدا ھەممىنى ئۇزۇپ چىققۇچىدۇر. پەزلى ـ پەتىۋا ئەربابلىرىنىڭ تۆرىدىن ئورۇن ئالغۇچىدۇر. ئۇممەتنىڭ مۇپتىسىدۇر، مۇشكۇلاتلارنى يېشىپ، قىيىن مەسىلىلەرنى يېپىدىن يىغىنىسىغىچە يېشىپ بەرگۈچىدۇر. دەۋر پازىللىرىنىڭ كۆزىدۇر. ئالىملارنىڭ كاتتا دېڭىزىدۇر. يۇرت سورىغۇچى

ھۆكۈمرانلار بۇ زاتنىڭ پەتىۋاسى بىلەن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىدۇ. كاشغەر بۇ زات بىلەن پۈتكۈل ئىسلام يۇرتلىرىغا پەخىرلىنىدۇ".

ئەينى زاماندىكى بىر ئەدىب زەينۇلئەئىممەنى مەدھىيىلەپ مۇنداق شېئىر يازغان:

زين الأئمة لا زالت هدايته،
سدًا لإضلال يأجوج و مأجوج.
آرتوج محقرة لكن بنسبته،
يجوز لو باهت الدنيا بآرتوج.

تەرجىمىسى: زەينۇلئەئىممەنىڭ توغرا يولغا يېتەكلىشى يەجۇج - مەجۇجنىڭ پىتنە - پاساتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا كاتتا سېپىلدۇر، ئارتۇش دېگەن كىچىك يۇرت، لېكىن بۇ زاتنىڭ ئارتۇشلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن دۇنيا ئارتۇش بىلەن پەخىرلەنسە ئەرزىيدۇ.

مەرھۇم شەھىد ئابدۇقادىر داموللامۇ تاشكەنتتە بېسىلغان «جواهر الإيقان» رىسالىسىنىڭ 1 - بېتى ئاستىغا ئارتۇش دېگەن سۆزنى چۈشەندۈرۈش يۈزىسىدىن يۇقىرىدىكى شېئىرنى نەقىل كەلتۈرگەن. ئۆز زامانىدا مۇشۇنداق يۇقىرى سەۋىيىلىك ئالىملىرىمىز مەرىپەت ئۇرۇقى چېچىش يۈزىسىدىن كاشغەر مەدرىسلىرىنى گۈللەندۈرگەنلىكى ئۈچۈن كاشغەر زامانىسىدا «سانى بۇخارا»(بۇخارادىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ) دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن. جامال قارشى «مۇلھەقاتۇسسۇراھ» كىتابىدا كاشغەرنى تونۇشتۇرۇپ، ئىسلامنىڭ بايلىقى، بىلىمى چوڭلارنىڭ مۇسابىقە مەيدانى، كاتتا ئۆلىمالارنىڭ يۇرتى" دەپ تولىمۇ جايىدا ئېيتقان.

(داۋامى بار)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ 19 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى

ئۆز خەۋىرىمىز: مىسىر دىن - ۋەقفە فوندىنىڭ ۋەزىرى، ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇقنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى ئىبراھىم خوڭ چاڭيو قاتارلىق ئىككى كىشىلىك ئۆمەك 2007 - يىلى 3 - ئاينىڭ 27 - كۈنىدىن 30 - كۈنىگىچە مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ 19 - نۆۋەتلىك يىغىنىغا قاتناشتى.

مىسىر زوڭتۇڭى مۇھەممەد ھۇسنى مۇبارەكنىڭ تەشەببۇسى بىلەن ئېچىلغان بۇ قېتىمقى يىغىنىنىڭ ئاساسىي تېمىسى "يەر شارىلىشىش شارائىتىدا ئىسلام دۇنياسى يۈزلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى"دىن ئىبارەت بولۇپ، يىغىنغا 80دۆلەتتىن كەلگەن 200 دىن ئارتۇق ۋەكىل قاتناشتى. يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا مىسىر دىن - ۋەقفە فوندىنىڭ ۋەزىرى، ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق يىغىن ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. مىسىر ھۆكۈمىتىنىڭ زوڭلىسى ئەھمەد ناجىب مىسىر زوڭتۇڭى مۇھەممەد ھۇسنى مۇبارەككە ۋەكىل بولۇپ يىغىنغا قاتناشتى ھەم زوڭتۇڭ مۇھەممەد ھۇسنى مۇبارەكنىڭ يازما نۇتقىنى ئوقۇپ ئۆتتى. تەكلىپكە بىنائەن يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا يەنە ئەزھەر شەيخى دوكتۇر مۇھەممەد سەييىد تەنتاۋى، ئىران ئىسلام جۇمھۇرىيىتىنىڭ سابىق زوڭتۇڭى مۇھەممەد خاتەمى، ئومان دىن - ۋەقفە فوندىنىڭ ۋەزىرى ھەمدە دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى قاتارلىق بەش خەلقئارالىق ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا 100 پارچە ماقالە قوبۇل قىلىنغان بولۇپ، 10 مەيدان ئىلمىي مۇھاكىمە ئۇيۇشتۇرۇلۇپ، 76 ۋەكىل يىغىندا نوتۇق سۆزلىدى. يىغىن 3 - ئاينىڭ 30 - كۈنى بارلىق كۈن تەرتىپلىرىنى ئاياقلاشتۇرۇپ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى ۋە "بىرلەشمە خىتابنامە" ئېلان قىلدى.

يىغىن مەزگىلىدە، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى مىسىر «كەچلىك گېزىتى»، ناسىر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى ھەمدە مۇناسىۋەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەن پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارغا جۇڭگونىڭ دىن سىياستى، جۇڭگو ئىسلام دىنى ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. (ب)

# ئاللاھنى بىر دەپ تونۇش ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى

ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلام دىنى بىر خۇدالىق دىن بولۇپ، كىشىلەرنى بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇيدۇ. ئىسلام دىنىغا ئىشىنىش قارىغۇلارچە بولماستىن، بەلكى ئەقىل ـ ئىدراك بىلەن بولىدۇ، ئىسلام دىنىغا ئىشىنىش بىر قانچە مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئاللاھنى تونۇش ئىسلام دىنىنىڭ يادروسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا بىز ئاللاھنى قانداق تونۇيمىز؟ ئاللاھنى تونۇشنىڭ ئاساسى نېمە؟

ئاللاھ تائالا دۇنيادىكى ھەممە مۆجىزاتلارنى ياراتقۇچى بولۇپ، پەقەت قۇرئان كەرىمدە مەلۇم بولغان ۋە ئاللاھنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدا ياراتقان مۆجىزىلىرى ئارقىلىقلا بىر ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، شۇ بىر ئاللاھتىن باشقا بىر ئىلاھنىڭ يوقلۇقىنى ۋە ئۇ ئاللاھنىڭ پۈتۈن ئالەمنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇ ئاللاھنىڭ ھەممە جايدا داۋاملىق مۇستەسناسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

قۇرئان كەرىمنىڭ تەشەببۇس قىلىدىغىنى "بىر مەنبەچىلىك" ئالەم قارىشى بولغاچقا، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسى "بىردىنبىرچىلىك" ھېسابلىنىدۇ. بىز شۇ بىرلىك ئاساسىدا ئاللاھنى تونۇشقا مۇيەسسەر بولالايمىز. بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۈچ مۇھىم نۇقتىنى مەھكەم ئىگىلىشىمىز ۋە تونۇشىمىزغا توغرا كېلىدۇ:

**1. تەۋھىدى رۇبۇبىيە:** ئاللاھ تائالا ھەممە شەيئىنىڭ پەرۋەردىگارى، پەرۋىش قىلغۇچىسى، ئاللاھتىن باشقا پەرۋەردىگار، پەرۋىش قىلغۇچى يوق دەپ چىن ئېتىقاد قىلىش، يەنى مەخلۇقاتلارنى يارىتىش، ئۇلارغا رىزىق بېرىش، ئۇلارغا ھاياتلىق بەخش ئېتىش، ئۇلارغا ئەجەل يەتكەندە ئۇلارنى قەبزى روھ قىلىش قاتارلىق ئاللاھقا خاس ئىشلاردا ئاللاھنى يېگانە دەپ ئېتىقاد قىلىش.

**2. تەۋھىدى ئۇلۇھىيەت:** ھەقىقىي ئىلاھ بىرلا، بىر ئاللاھتىن باشقا ھېچ قانداق ئىلاھ يوق دەپ چىن قەلبى بىلەن ئېتىقاد قىلىش، بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، يەنى ناماز، روزا، ھەج، زاكات قاتارلىق ئىبادەتلەرنى ھېچ قانداق غەرەز ئارىلاشمىغان ھالدا يالغۇز ئاللاھ ئۈچۈنلا قىلىش.

**3. تەۋھىد ئەسمائى ۋەسسىفات:** ئاللاھ تائالانى ئۆزىنىڭ گۈزەل ئىسىملىرى ۋە سۈپەتلىرىدە يېگانە دەپ بىلىش.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد(بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ يوشۇرۇننى، ئاشكارىنى بىلگۈچىدۇر، ئۇ ناھايىتى شەپقەتلىكتۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر(يەنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كەڭ رەھمەت ئىگىسىدۇر). ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر، ئۇ (مۇتلەق) پادىشاھتۇر (يەنى پۈتۈن مەخلۇقاتنىڭ مالىكىدۇر)، پاكتۇر (يەنى ھەممە نۇقسانلاردىن پاكتۇر)، (مۆمىنلەرگە) سالامەتلىك بېغىشلىغۇچىدۇر، (دوستلارنى قورقۇنچتىن، ئازابتىن) ئەمىن قىلغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر، غالىبتۇر، قەھر قىلغۇچىدۇر، ئۇلۇغلۇق ئىگىسىدۇر، (مۇشرىكلارنىڭ) شېرىك كەلتۈرگەن نەرسىلىرىدىن پاكتۇر. ئاللاھ(ھەممىنى) ياراتقۇچىدۇر، (يوقلۇقتىن) پەيدا قىلغۇچىدۇر، (ھەممە نەرسىگە) سۈرەت(شەكىل) بېغىشلىغۇچىدۇر، ئەڭ چىرايلىق ئىسىملارغا ئىگىدۇر، ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى نەرسىلەر ئۇنىڭغا تەسبىھ ئېيتىپ تۇرىدۇ، ئۇ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر.**

—— سۈرە«ھەشر»(59 ـ سۈرە)، 22 —— 24 ـ ئايەتلەر

ئىسلام دىنىدا ئىمان تىلدا ئىقرار قىلىش، دىلدا تەستىق بىرىشتىن ئىبارەت ئىككى ئامىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئىمان كەلتۈرۈش بۇ ئىككىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم كونكرېت ئىپادىلىنىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كەلىمە تەييىبە بولسا "لا ئىلاھە ئىلللەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللاھ" (بىر ئاللاھتىن باشقا ئىلاھ يوق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ بىزگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى) دەپ گۇۋاھلىق بىرىشتۇر. "لا ئىلاھە ئىلللەللاھۇ" دىگەنلىكى كىشىنىڭ ئاللاھقا بولغان ئىخلاسىنىڭ ئىخمۇ كۈچىيىشىنى، ئاللاھنى يەككە - يىگانە دەپ بىلىشىنى، چىن ئىخلاس بىلەن پەقەت بىر ئاللاھنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىگە گۇۋاھلىق بىرىشنى تەقەززا قىلىدۇ، مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا "لا ئىلاھە ئىلللەللاھۇ"نىڭ مەنىسى شۇكى، پۈتۈن كائىناتتا ئاللاھتىن غەيرىگە ئىبادەت قىلىشنىڭ ھەممىسى باتىل ئىبادەت، پەقەت يەككە - يىگانە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشلا توغرا ئىبادەت، توغرا كۆزقاراش ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار بىر ئىلاھتۇر، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر.**

— سۈرە«بەقەرە»(2 - سۈرە)، 163 - ئايەت

**بىلگىنكى ئاللاھتىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوقتۇر.**

— سۈرە«مۇھەممەد»(47 - سۈرە)، 19 - ئايەت

بۇ ئايەتلەردە ئاللاھ تائالانىڭ بىرلىكىنى بىلىش ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ قانداق مەبۇد(ئىلاھ)نىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بىلىش بۇيرۇق شەكلىدە قەتئىي تەلەپ قىلىنغان، ئاللاھنىڭ بارلىقى ۋە بىرلىكى ئەقلى ھەم نەقلىي دەلىللەر ئارقىلىق دەلىللەنگەن. ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھ يەر يۈزىدىكى ھەممە نەرسىنى سىلەر(نىڭ پايدىلىنىشىڭلار) ئۈچۈن ياراتتى، ئاندىن ئاسماننى يارىتىشقا يۈزلىنىپ، ئۇنى قۇسۇرسىز يەتتە ئاسمان قىلىپ تاماملىدى، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.**

— سۈرە«بەقەرە»(2 - سۈرە)، 29 - ئايەت

**(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، "ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا ئەگىشىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ".**

— سۈرە«ئال ئىمران»(3 - سۈرە)، 31 - ئايەت

بىز يەنە ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھقا بويسۇنۇش بىلەن بىرگە ئاللاھنىڭ پۈتۈن كائىناتنى پىلانلىق رەۋىشتە ياراتقانلىقىغا ۋە ئۇلارنى ئۆز ئىلىم قۇدرىتى ئارقىلىق خالىغان مىقداردا سەرپ ئىتىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا ئالەمنىڭ تەربىيىچىسى، دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ پادىشاھى ئىكەنلىكىگە، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق پەرۋىش قىلغۇچى ۋە ياراتقۇچىنىڭ يوق ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىز، كىشىلەرنى توغرا يولغا باشلاش ئۈچۈن ساماۋى كىتابلارنى نازىل قىلغانلىقىغا، پەيغەمبەرلەرنى ئەۋەتكەنلىكىگە ئىشىنىشىمىز، پۈتكۈل كائىناتتا ئاللاھنىڭ ھېچ قانداق شېرىكى يوقلۇقىغا، ھازىر ۋە كەلگۈسىدىمۇ بەندىلەرنىڭ نىجاتلىقىغا ئېرىشىشى (تاكى قىيامەت كۈنىگە قەدەر) پەقەت قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفكە مۇجەسسەملەنگەنلىكىگە ئىشىنىشىمىز لازىم. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھ ھەممە نەرسىنى ياراتقۇچىدۇر، ھەممە نەرسىگە ھامىيدۇر (ئۇلارنى خالىغانچە تەسەررۇپ قىلىدۇ).**

— سۈرە«زۇمەر»(39 - سۈرە)، 62 - ئايەت

ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھنىڭ ئىپتىداسى يوقتۇر، ئىنتىھاسى يوقتۇر، (ئاللاھ) ئاشكارىدۇر (يەنى مەۋجۇتلۇقىنى كۆرسەتكۈچى دەلىللەر بىلەن ئەقىللەرگە ئاشكارىدۇر)، مەخپىيدۇر(يەنى ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، ئۇنىڭ زاتىنىڭ ماھىيىتىنى تونۇشقا ئەقىللەر ئېرىشەلمەيدۇ)، ئاللاھ ھەممە نەرسىنى بىلگۈچىدۇر.**

— سۈرە«ھەدىد»(57 - سۈرە)، 3 - ئايەت

ئاللاھنى بىر دەپ تونۇش مۇسۇلمانلاردا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدۋار بولىدىغان، ئازابىدىن قورقىدىغان، قىلغان ياخشى ئەمەللىرىدە ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئىزدەيدىغان، ھالال - ھارام چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىيدىغان چىن ئېتىقادنى يېتىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا ئاللاھنى بىر دەپ تونۇش كىشىلەردە بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، بىر كىتابقا(قۇرئان كەرىمگە)، بىر پەيغەمبەرگە ئەگىشىش، بىر قىبلىگە يۈز كەلتۈرۈش، قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفكە چىن كۆڭلىدىن ئەمەل قىلىش، ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن يارىتىلغانلىقى، بۇ دۇنيادا مەۋجۇت بولۇپ

تۇرۇشىدىكى ھېكمەتنى تونۇشقا يېتەكلەيدۇ.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**شۈبھىسىزكى، پەرۋەردىگارىڭلار ئاللاھ ئاسمانلارنى ۋە زېمىننى ئالتە كۈندە(يەنى ئالتە دەۋردە) ياراتتى، ئاندىن (ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا لايىق رەۋىشتە) ئەرش ئۈستىدە قارار ئالدى، ئاللاھ كېچە بىلەن(يەنى كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى بىلەن) كۈندۈزنى ياپىدۇ، كېچە بىلەن كۈندۈز بىر- بىرىنى قوغلىشىدۇ(يەنى داۋاملىق ئورۇن ئالمىشىپ تۇرىدۇ)، ئاللاھ قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلارنى ئاللاھنىڭ ئەمرىگە بويسۇندۇرۇلغۇچى قىلىپ ياراتتى، يارىتىش ۋە ئەمر قىلىش(يەنى كائىناتنى تەسەررۇپ قىلىش) راستتىنلا ئاللاھنىڭ ئىلكىدىدۇر، ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھنىڭ دەرىجىسى كاتتىدۇر.**

— سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 54 ـ ئايەت

كائىناتتىكى ھەممە نەرسە نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالاسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، كائىناتتىكى ھەممە شەيئى ئۆزلۈكىدىن بارلىققا كېلەلمەيدۇ، ئۆز ھاجىتىدىن ئۆزى چىقالمايدۇ، ئۇلار مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتا چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ، مەسىلەن، ئالتۇننىڭ قىممىتى يۇقىرى، بۇ ئۇنىڭ ئېسىل تەرىپى، ئەمما ئۇنىڭ جېنى يوق، مۇشۇ جەھەتتىن چەكلىمىگە ئۇچرايدۇ. ئارىستوتېل ئەقىل ـ پاراسەتتە ئادەتتىكى ئادەملەردىن ھالقىپ كەتكەن، بۇ ئۇنىڭ ئېسىل تەرىپى، لېكىن ئۇ پانىي ئالەمدە ئەبەدىي ياشىيالمىدى، ھاياتلىق جەھەتتە چەكلىمىگە ئۇچرىدى.. لېكىن ئاللاھ ئۇلارغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايدۇ، ئاللاھ ھەممىلا جەھەتتە مۇتلەق كامىل بولۇپ، ھېچ قانداق چەكلىمىگە ئۇچرىمايدۇ، چۈنكى ئۇ بارلىق شەيئىلەردىن ھالقىغان ھالدا مۇستەقىل مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، ئۇ كائىناتتىكى ھەممىنى يارىتىشقا قادىر، شۇڭا ئاللاھ بارلىق مەۋجۇداتلار موھتاج بولىدىغان، تايىنىدىغان بىردىنبىر پەرۋەردىگارىمىزدۇر. ئاللاھ يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**جىنلارنى ۋە ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم.**

— سۈرە«قاف»(51 ـ سۈرە)، 56 ـ ئايەت

بۇنداق سۈرىلەر قۇرئان كەرىمدە كۆپ بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ھەقىقەتنى ئىزدەش، ئاللاھنى تونۇش ۋە دۇنيادىكى نەرسىلەرنىڭ سىرىنى بىلىشتەك ھەقىقەت ئېچىپ بېرىلىدۇ، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ ئاللاھ بەرگەن ئەقىل بىلەن تەپەككۇر قىلىشىمىزغا، شۇنداقلا قۇرئاندىكى مۆجىزىلەر ۋە تەبىئەت دۇنياسىدا ئاللاھنىڭ ياراتقان كارامەتلىرى ئارقىلىق ئاللاھنىڭ بارلىقىنى ۋە بىرلىكىنى بىلىشىمىزگە زور ئاساس سالىدۇ.

ئاللاھ ئىنسانغا يۈكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان ئەقىلنى بەردى ۋە شۇ ئەقىلنى ئىشلىتىپ دۇنيادىكى مۆجىزىلەرنىڭ سىرىنى بىلىشكە ۋە شۇ زاتقا ئىبادەت قىلىشقا بۇيرۇدى، ئىنساندا ئەقىل ـ ئىدراك بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇ ھەقىقەتنى ئىزدەشكە ئىنتىلىدۇ، كۆپلىگەن نەرسىلەرنى ئىجاد قىلىشقا، ئاجايىپ ـ غارايىپ نەرسىلەرنىڭ سىرىنى بىلىشكە ئىنتىلىدۇ. ئىسلام دىنى بولسا دەل ئاللاھنىڭ ھەقىقىتىدىن باشلىنىدۇ، كىشىلەر كائىناتتىكى تۈمەنلىگەن نەرسىلەرنى كۆزىتىش ۋە ئۇلار ئۈستىدە توغرا ئەقلىي خۇلاسە چىقىرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئۆز ئىچىگە ئالغان قائىدە ـ قانۇنلىرىنى ئىگىلەيدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق كائىناتتىكى ھەممە نەرسىلەرنى ئاللاھنىڭ ياراتقانلىقىنى، ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى، ئۇنىڭ ھېچ قانداق شېرىكى يوقلۇقىنى بىلەلەيدۇ.

ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى تونۇش ئىمانىنىڭ ئاساسىدۇر، «ئىخلاس»سۈرىسى بولسا قۇرئان كەرىمنىڭ ئاللاھنىڭ بىرلىكىنى تەشۋىق قىلىدىغان جەۋھىرى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دەيدۇ:

**(ئى مۇھەممەد)ئېيتقىنكى، ئۇ— ئاللاھ بىردۇر، ھەممە ئاللاھقا موھتاجدۇر، ئاللاھ بالا تاپقانمۇ ئەمەس، تۇغۇلغانمۇ ئەمەس، ھېچ كىشى ئۇنىڭغا تەڭداش بولالمايدۇ.**

— سۈرە«ئىخلاس»(112 ـ سۈرە)، 1—4 ـ ئايەتلەر

بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''بەرھەق، ھەر بىر شەيئىدە نۇر بولىدۇ، قۇرئان كەرىمنىڭ نۇرى ئىخلاس سۈرىسىدۇر''**(«تەپسىر رۇھۇل مەئانى»).

ئاللاھ كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ نۆۋەتلىشىشى، كۈن، ئاي ۋە يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقى ئەتراپىدا مۇقىم ئايلىنىشىنى، تىرىك نەرسە ئىچىدىن ئۆلۈكنى، ئۆلۈك نەرسە ئىچىدىن تىرىكنى ياراتتى؛ كىشىلەرنى

ھەر خىل تىلدا، ھەر خىل ئىرقتا يارىتىپ ئۇلارنى ئوخشاش بولمىغان جايلاردا تۇرغۇزدى، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭ كارامىتى بولۇپ، بۇ نەرسىلەرنى قىلىش پەقەت ئاللاھقىلا خاستۇر، كىشىلەرنىڭ ئەقلى قانچە تەرەققىي قىلغانسېرى، ئۇلارنىڭ يۇقىرىقىلارغا بولغان پايدىسى شۇنچە كۆپ بولىدۇ، كەڭ كائىناتنىڭ سىرىغا، جەمئىيەتكە بولغان تونۇشى شۇنچە چوڭقۇرلىشىدۇ، ياراتقۇچى ئاللاھقا بولغان تونۇشى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئېنىق ئېيتىپ ئۆتۈش كېرەككى، ئاللاھ پەقەت ۋە پەقەت بىرلا بولۇپ، ئۇنىڭ بىرلىكى ئادەتتىكى سان بىلەن ئەمەستۇر، ئۇنىڭ ھېچ قانداق شېرىكى يوقتۇر. بۇ ھەقتە مۇنداق ئەمەلىي مىساللارنى كۆرستىشكە بولىدۇ: بىزگە ۋاقىتتىن خەۋەر بېرىدىغان سائەتنىڭ رىتىملىق چىكىلدىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئۇ سائەتنى ياسىغان قولى گۈل ئۇستىلارنى ياد ئېتىمىز؛ ئۆي-ئىمارەت، تاشيول، تۆمۈر يوللارنى كۆرۈپ ھەرگىزمۇ ئۇنى تەبىئىي بار نەرسە دەپ قارىماستىن، ئۇلارنى ئىشچىلارنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى دەپ بىلىمىز؛ بىز ياشاۋاتقان يەر شارى ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت ئۆز ئوقى ئەتراپىدا قانۇنىيەتلىك ئايلىنىپ تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەتىياز، ياز، كۈز، قىش بولىدۇ، بۇلارنى كىم باشقۇرۇپ تۇرىدۇ؟ يەنە قۇياش سىستېمىسى، سامان يولى سىستېمىسى ۋە باشقا ئاسمان جىسىملىرى تەرتىپلىك، قانۇنىيەتلىك ھەرىكەتلىنىپ تۇرىدۇ، ئۇنداقتا بۇ غايەت زور ماددىلارنىڭ ھەممىسىنى كىم تىزگىنلەپ تۇرىدۇ؟ جاۋاب شۇكى، ئاسمان زېمىندىكى ھەممىنى ياراتقۇچى ئاللاھ تىزگىنلەپ تۇرىدۇ، ناۋادا ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ ئىلكىدە بولمايدىكەن، كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئۆز قانۇنىيىتىنى يوقىتىدۇ-دە، دۇنيامۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ. شۇڭا ئاسمان-زېمىننىڭ قانۇنىيەتلىك يارىتىلىشىنى كۆزىتىدىغان بولساقلا، ئۇنى ياراتقان ئىگىسى بار ئاللاھ ئىكەنلىكىنى بىلەلەيمىز.

ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىنى مەغپىرەت قىلمايدۇ، خالىغان ئادەمنىڭ ئۇنىڭدىن باشقا گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ، كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن چوڭ گۇناھ قىلغان بولىدۇ.**

—— سۈرە «نىسا» (4-سۈرە)، 48-ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: "**ئاللاھ سېنى يوقلۇقتىن بار قىلغان تۇرسا يەنە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرەمسەن؟**"

ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ:

**(ئى مۇھەممەد) ئېيتقىنكى، "سىلەرنىڭ ئىلاھىڭلار يالغۇز بىر ئاللاھتۇر، كىمكى پەرۋەردىگارىغا مۇلاقات بولۇشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىكەن)، ياخشى ئىش قىلسۇن، پەرۋەردىگارىغا قىلىدىغان ئىبادەتتە ھېچكىمنى شېرىك كەلتۈرمىسۇن".**

—— سۈرە «كەھف» (18-سۈرە)، 110-ئايەت

قۇرئان كەرىمدە تۆۋەندىكىلەرگە شېرىك كەلتۈرۈپ ئىنكار قىلغان كىشى قايتا ئىمان ئېيتىشى كېرەك دەپ بەلگىلەنگەن: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرسە، ئاللاھنىڭ 99 گۈزەل سۈپىتىنى ئىنكار قىلسا، پەرىشتىلەرگە، پەيغەمبەرلەرگە، ساماۋى كىتابلارغا ئىشەنمىسە، قىيامەتنى ئىنكار قىلسا، ناماز، روزا، ھەج، زاكات قاتارلىقلارنى ئىنكار قىلسا، بۇ خىلدىكى كىشىلەر چوڭ گۇناھكار بولىدۇ ۋە ئىمانسىز ھېسابلىنىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولۇپ، ئاللاھ مۇنداق كىشىلەرنىڭ گۇناھىنى ھەرگىز كەچۈرمەيدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**كىمكى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرىدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنى ھارام قىلىدۇ.**

—— سۈرە «مائىدە» (5-سۈرە)، 76-ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ:

**"كىمكى ئاللاھقا بىر نەرسىنى شېرىك كەلتۈرۈپ ئۆلىدىكەن، ئۇ كىشى ئۇدۇل دوزاخقا كىرىدۇ"** (مۇسلىم توپلىغان).

مۇئاز ئىبنى جەبەل رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلىدۇ: "مەن رەسۇلۇللاھ بىلەن بىر ئېشەككە مىنگىشىپ ماڭغان ئىدىم، رەسۇلۇللاھ مەندىن: '**ئى مۇئاز، ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدە نېمە ھەققى بار، بەندىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈستىدە نېمە ھەققى بار؟**' دەپ سورىدى، مەن ئالدىراش ھالدا: 'ئاللاھ ۋە ئاللاھنىڭ

پەيغەمبىرى بىلىدۇ، دەپ جاۋاب بەردىم. رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېدى: **«ئاللاھنىڭ بەندىلىرى ئۈستىدىكى ھەققى بولسا بەندىلەرنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىكىدىن ئىبارەت؛ بەندىلەرنىڭ ئاللاھ ئۈستىدىكى ھەققى بولسا، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمىگەن بەندىلىرىگە ئازاب قىلماسلىقتىن ئىبارەت»** دېدى. مەن: «ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى بۇ خۇش خەۋەرنى خالايىققا يەتكۈزەيمۇ؟» دېدىم، رەسۇلۇللاھ: **«ھازىرچە خەۋەر قىلماي تۇرغىن، ئۇلار بۇنىڭغا يۆلىنىپ ئەمەللىرىدە بوششىپ قالمىسۇن»** دەپ جاۋاب بەردى».

ئاللاھ بىزگە ئەقىل ـ ئىدراكنى بەردى، بىزنى تىلسىز مەخلۇقلاردىن ئۈستۈن قىلىپ ياراتتى، بىز شۇ ئارتۇقچىلىقىمىز بىلەن دۇنيادىكى ھەممە نەرسىلەر ئۈستىدىن غالىب كېلىمىز. بىز يەنە ئاللاھ بەرگەن شۇ ئەقىل بىلەن يېڭى كەشپىياتلارنى يارىتالايمىز ۋە يارىتىشقا پۈتۈنلەي قادىرمىز، ئىنسان ئاللاھنىڭ يەر شارى ئۈستىدىكى ۋاكالەتچىسى، ئاللاھ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئىنسانلارغا ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا، ھەقىقىي دىن بولغان ئىسلام دىنىغا ئىشىنىشكە، ئاللاھنى بار ۋە بىر دەپ تونۇشقا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى دەپ بىلىشكە دەۋەت قىلىشقا ئەۋەتتى.

ئاللاھ كىشىلەرنىڭ دۇنيادا ياخشى ـ يامان ئىشلىرىغا قارىتا ھەق ھۆكۈم قىلغۇچى. ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

**بۇ كۈندە كىشىلەر قىلغان ئەمەللىرىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرۈش(يەنى نەتىجىگە ئېرىشىش) ئۈچۈن توپ-توپ بولۇپ تارىلىپ كېتىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.**

ـــ سۈرە«زەلزەلە»(99 ـ سۈرە)، 6 ـــ 8 ـ ئايەتلەر

بۇ ئايەتتىن ئاللاھنىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچى ھەم ھەق ھۆكۈم قىلغۇچى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز، شۇڭا بىز ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قالماسلىقىمىز، ئاللاھنى تونۇش ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە يەنە كىشىلەرگە ياخشى ئىش قىلىپ بېرىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە،

پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشىشكە تىرىشىشىمىز لازىم.

قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلگەن:

**ئەگەر ئاسمان-زېمىندا ئاللاھتىن باشقا ئىلاھلار بولغان بولسا ئىدى (كائىناتنىڭ تەرتىپى) ئەلۋەتتە بۇزۇلاتتى.**

ـــ سۈرە«ئەنبىيا»(21 ـ سۈرە)، 22 ـ ئايەت

بىز يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن دۇنيادا پەقەت بىرلا ئاللاھنىڭ بارلىقىنى، ئۇنىڭ ھەر خىل زىددىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، كىشىلەرنى خاتىرجەملىككە، بىر ـ بىرىنى ئۆزئارا ھۆرمەتلەيدىغان، يۇقىرى ـ تۆۋەن تەبىقە دەپ ئايرىمايدىغان، مىللەت ئايرىمچىلىقى بولمىغان بىر خىل تىنچ جەمئىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

بىز ئاللاھقا ئىشىنىش بىلەن بىرگە يەنە ئاللاھتىن قورقۇشىمىز لازىم. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: **«سىلەر ئاللاھنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرىنى ئۆرنەك قىلىڭلار»** دەيدۇ. بىز ئاللاھنىڭ بىر ئاجىز بەندىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن قۇرئان ۋە ھازىرقى زامان پەن ـ مەدەنىيىتىنى تىرىشىپ ئۆگىنىپ، كەڭ مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ياخشى ئىشلارنى قىلىشىمىز، ئاللاھ تاپشۇرغان ئەمەللەرنى ياخشى قىلىپ، بۇ قىسقىغىنا ئۆمرىمىزدە ئاللاھ ئۈچۈن كۆپلەپ ئىبادەت قىلىشىمىز، كائىناتتىكى ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرى ئارقىلىق ئاللاھنى تونۇشىمىز، ئاللاھنى ئۆز ئالىي سۈپەتلىرى بىلەن تونۇشىمىز ھەم بۇ توغرا يولدىن ئادىشىپ قالماسلىقىمىز لازىم. ئاللاھنى بار ۋە بىر دەپ تونۇشنىڭ ئىسلام دىنى ئېلىملىرىنىڭ ئاساسى ۋە ئەڭ ئەۋزەللى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقتىمىزدا، ئۇنى ياخشى ئۆگىنىشنىڭ، ئىنچىكە تەتقىق قىلىشنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

ئاللاھ بىزنى ئاللاھقا چىن قەلبىدىن ئىشىنىدىغان ۋە ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەيدىغان بەندىلەر قاتارىدىن قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىدىن؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



# قۇرئان كەرىمنى توپا بېسىپ قالمىسۇن

ئابدۇلمەجىد مۇھەممەد

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاسمان زېمىننىڭ پادىشاھلىقى ئۆز ئىلكىدە بولغان ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بىز بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان نېمەتلىرىنى ھەقىقەتەن ساناپ تۈگىتەلمەيمىز. ئەنە شۇ نېمەتلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ كاتتىسى ئۇلۇغ مۆجىزە قۇرئان كەرىمدۇر.

پۈتۈن ئالەمنى زۇلمەت قاپلىغان، جىمى ئىنسانلار توغرا يولدىن ئېزىپ كەتكىلى تۇرغان شۇنداق بىر دەۋردە قۇرئان كەرىم ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھ تەرىپىدىن جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق نازىل بولدى. قۇرئان كەرىم ئەنە شۇنىڭدىن تارتىپ جىمى مۇسۇلمانلارغا ھەق يولنى كۆرسىتىپ بېرىپ كەلدى. مانا ئارىدىن تولۇق 14 ئەسىر ئۆتتى، ئالەمنى مالەم قىلغان نى نى شاھ ـ سۇلتانلار، نى نى زالىملار، تەكەببۇر بايلار، خەلقنى ئازدۇرغان لەنتى مەلئۇنلار دۇنياغا كەلدى. قىلىدىغىنىنى قىلىۋېلىپ قارا تۇپراققا كىرىپ كەتتى؛ ئاجايىپ ھەشەمەتلىك تاجۇتەخت، ئوردا قەسىرلەر، ئاۋات شەھەرلەر، كۈچلۈك دۆلەتلەر، ھەددى ـ ھېسابسىز مال ـ دۇنيا توپلانغان خەزىنىلەر قۇرۇلدىيۇ، گۇمران بولدى. ئەمما ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل بولغان ھېكمەتلىك كىتاب قۇرئان كەرىم يوقالمىدى. ئەكسىچە يىللار ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ ھۆرمىتى، قەدىر ـ قىممىتى ئېشىپ، تارقىلىش سانى كۆپىيىپ باردى. ئەينى چاغدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا نازىل بولغان قۇرئان كەرىم تاكى ھەزرىتى ئوسماننىڭ خەلىپىلىك دەۋرىگىچە «مۇسھەف» دەپ ئاتالغان بىر پارچىلا كىتاب ئىدى. مانا بۈگۈنكى دەۋرگىچە قۇرئان كەرىمنىڭ زادى قانچە نۇسخا بېسىلىپ تارقىتىلغانلىقىنى ئېنىقلاش بەندىنىڭ قولىدىن كەلمىسە كېرەك. بىز ئىنسانىيەت تارىخىدا 1400 يىللىق دەۋر سىنىقىغا بەرداشلىق بەرگەن ھەم قىلچىمۇ ئۆزگەرتىلمەي قانداق يارىتىلغان بولسا شۇ پېتىچە ساقلانغان يەنە بىر كىتابنىڭ بارلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەيمىز. مۇشۇنىڭ ئۆزىلا بىر مۆجىزە. قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقەتەنمۇ بىر مۆجىزە ئىكەنلىكى يەنە قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزىدىكى بىر قانچە ئايەتتىمۇ بايان قىلىنغان.

**بىزنىڭ ساڭا ئۇلارغا تىلاۋەت قىلىنىپ تۇرىدىغان كىتابنى نازىل قىلغانلىقىمىز ئۇلارغا (مۆجىزە بولۇشقا) كۇپايە قىلمىدىمۇ؟ بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك-شۈبھىسىز رەھمەت ۋە ۋەز-نەسىھەت بار.**

— سۈرە «ئەنكەبۇت» (29 ـ سۈرە)، 51 ـ ئايەت

**ئەگەر بىز قۇرئاننى بىرەر تاغقا نازىل قىلساق، چوقۇم سەن ئۇنىڭ ئاللاھتىن قورققانلىقىدىن باش**

**ئەگكەنلىكنى، يېرىلىپ كەتكەنلىكنى كۆرەتتىڭ. بىز بۇ مىساللارنى كىشىلەرگە ئۇلار (ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى) پىكىر قىلسۇن دەپ بايان قىلىمىز.**

—— سۈرە «ھەشر» (59 ـ سۈرە)، 21 ـ ئايەت

ئايىتىدىكى، **"ئەگەر ئىنسانلار، جىنلار بۇ قۇرئاننىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن يىغىلىپ بىر-بىرىگە ياردەملەشكەن تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ئوخشىشىنى مەيدانغا كەلتۈرەلمەيدۇ".**

—— سۈرە «ئىسرا» (17 ـ سۈرە)، 88 ـ ئايەت

شۇنداق، قۇرئان كەرىمنىڭ ئۆزى بىر مۆجىزە، ئۇ ھەممىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئىنسان ئەقىل ۋە ئىلىمدە يۇكسىلىپ مەلۇم پەللىگە يەتكەندە ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئەكس ئېتىدىغان بارلىق قىيىن سوئاللار، مەسىلەن: بۇ چەكسىز ئالەم، ئالەمدىكى بارلىق مەخلۇقاتلار ۋە مەۋجۇداتلارنىڭ يارىتىلىشى، ئادەم ۋە ئالەمنى ياراتقان زات، تۇغۇلۇش، ئۆلۈش، ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە گۇمران بولۇپ يوقىلىشى ھەققىدە.. قىسقىسى، جاۋاب بېرىش قىيىن بولغان ئەنە شۇنداق سان ـ ساناقسىز سوئاللارنىڭ جاۋابلىرى قۇرئاندا بار. قۇرئان كەرىمنىڭ ھەقىقەتەن بىر ئىلاھى كىتاب ئىكەنلىكىگە، ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان سىر ـ ھېكمەت، ئىلىمنىڭ چەكسىزلىكىگە ئەقىللەر تەسلىم بولىدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**بىز ئىنسانلارغا ( قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىگە يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ.**

—— سۈرە «ئەنكەبۇت» (29 ـ سۈرە)، 43 ـ ئايەت

**ئۇلار(يەنى مۇشرىكلار) قانداق بىر سوئالنى تاشلىمىسۇن، (ئۇنىڭغا قارىتا) بىز ساڭا ھەق جاۋابنى ۋە ھەممىدىن گۈزەل چۈشەندۈرۈشنى نازىل قىلدۇق.**

—— سۈرە «فۇرقان» (25 ـ سۈرە)، 33 ـ ئايەت

**ئۇلارنىڭ قىسسىسىدىن ئەقىل ئىگىلىرى ئەلۋەتتە ئىبرەت ئالىدۇ. (قۇرئان) يالغاندىن توقۇلغان سۆز ئەمەس. لېكىن، ئۇ ئۆزىدىن ئىلگىرى نازىل بولغان(ساماۋى) كىتابلارنى تەستىق قىلغۇچىدۇر. ھەممە نەرسىنى ئىنچىكە بايان قىلغۇچىدۇر، ئىمان ئېيتىدىغان قەۋم ئۈچۈن ھىدايەتتۇر ۋە رەھمەتتۇر.**

—— سۈرە «يۇسۇف» (12 ـ سۈرە)، 111 ـ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولۇش ئالدىدىكى ۋىدالىشىش ھەججىدە شۇ زاماندىكى ئەتراپقا يىغىلغان بارلىق مۇسۇلمان ئاممىسىغا ۋە تاكى دەۋر قىيامەتكىچە دۇنياغا كېلىپ كېتىدىغان پۈتۈن ئىنسانلارغا ۋەسىيەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: **"سىلەرگە مەن ئاللاھنىڭ كىتابى بولغان قۇرئاننى قويۇپ كەتتىم. قۇرئاننى مەھكەم تۇتساڭلار زادى ئازمايسىلەر"**. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئېيتقاندەك، قايسىبىر قەۋم ياكى ئادەم قۇرئان كەرىمگە مەھكەم يېپىشىدىكەن، ئۇنىڭ ھۆكمىگە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بويسۇنىدىكەن، ئۇلار ھەقىقىي بەخت ـ سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ، دۇنيادا ئىمان بىلەن ياشاپ، ئىمان بىلەن كېتەلەيدۇ. ئەكسىچە، قۇرئان كەرىمنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىكەن، ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنى بارلىق ئىشلىرىدا رەھنەما قىلمايدىكەن، ئۇلار ھەق يولدىن ئازىدۇ، قايمۇقىدۇ، ئاخىرقى ھېسابتا پۈتۈن ئۆمرىنى مەنىسىز ئۆتكۈزىدۇ. گەرچە بىر مەھەل دۇنيا مەئىشەتلىرىگە ئارزۇ قىلغىنىدەك ئېرىشىپ، قانغىچە ئويناپ ـ كۈلۈپ، راھەت سۈرۈشسىمۇ، ئاخىرى خار ۋە بىئېتىبار ھالەتتە دۇنيادىن كېتىشىدۇ. بۇ ئىسلامىيەت دۇنياسىدا ۋە پۈتۈن دۇنيا ئەللىرىدە تەكرار ـ تەكرار ئىسپاتلانغان ھەقىقەت.

قۇرئان كەرىم نازىل بولغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك كۆپ تارقىلىپ باققان ھەم ئېرىشىش ئاسان بولغان ئەمەس. ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا نىسبەتەن ئېيتىمۇ شۇنداق. ئاڭلىشىمچە ئېخى يېقىنقى دەۋرگىچە نەچچە سەر تىللا، نەچچە يۈز تەڭگە خەجلەپمۇ، نەچچە ئۇن تاغار بۇغداي، قوناق، گۈرۈچ ۋە نەچچە ئون تۇياق ئات، قوي ـ كالا سەرپ قىلىپمۇ بىر قۇرئانغا ئېرىشكىلى بولمايدىكەنتۇق. مانا ھازىر قۇرئان كەرىم يۇرتىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە تېپىلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ بىر كۈنلۈك ئەمگىكى بەدىلىگە تاپقان پۇلىغىمۇ قۇرئاندىن بىرنى سېتىۋالغىلى بولىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇرۇنلاردا قۇرئان كەرىمنىڭ مەنىسىنى خېلى يىللار دىنىي تەلىم ئالغان ئۆلىما ـ ئالىملارلا تولۇق چۈشىنىپ، ئۇنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرەلەيتتى. مانا ھازىر دىنىي ئالىمىمىز مۇھەممەد

سالىھ داموللا ھاجى(ئاللاھ ئۇ كىشىگە رەھمەت قىلسۇن)نىڭ تەرجىمە قىلىشى بىلەن 1986 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن ئاشكارا نەشر قىلىنغان قۇرئان كەرىمنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەرجىمىسى* تارقىتىلىشى بىلەن ئۇيغۇر تىلىدىن ساۋاتى بارلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى ئۇنى ئوقۇپ ئۆزىگە چۈشلۇق بەھر ئالالايدىغان بولدى. بۇ تۈپەيلى، ئاللاھقا يۈزمىڭ شۈكرى ئېيتىمىز.

ئەپسۇسكى، قۇرئان كەرىمنىڭ شۇنچە كۆپ تارقالغىنىغا يارىشا بىزدە كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىر ئىش بار. بىز نۇرغۇن ئائىلىلەردە قۇرئان كەرىمنى كۆردۇق. لېكىن ئۇلار قۇرئاننى تەۋەررۇك بىلىپ ئىشكاپ ـ ساندۇقلارغا سېلىپ، تەكچىلەرگە ئېلىپ، رەختكە يۆگەپ تورۇسقا ئېسىپ قويۇپ ساقلايدىكەن، ئەپسۇسكى ئايلاپ ـ يىللاپ بىر قېتىم ئوقۇپ ياكى ئوقۇتۇپ باقمايدىكەن؛ بەزى ئائىلىلەردە قۇرئانغا باشقىلار چېقىلالمايدۇ دەپ پۇل، ھۆججەت، مىراس خېتى، ۋەسىيەت، توختامنامە، چاچ، دورا ـ دەرمەك قاتارلىق نەرسىلەرنى ئۇنىڭ ئارىسىغا سېلىپ ساقلايدىكەن، ئەپسۇسكى ئۇنى ئايلاپ ـ يىللاپ بىر قېتىم ئوقۇپ ياكى ئوقۇتۇپ باقمايدىكەن؛ يەنە بەزى ئائىلىلەردە قارا بېسىپ قالمايدۇ دەپ قۇرئاننى بەزىدە كىسەلنىڭ ياستۇق تېگىگە ياكى بۆشۈكتىكى بوۋاقنىڭ بېشىغا قويۇپ قويىدىكەن، ئەپسۇسكى، ئايلاپ ـ يىللاپ بىر قېتىم بولسىمۇ ئوقۇپ ياكى ئوقۇتۇپ باقمايدىكەن؛ بەزى ئائىلىلەردە پەقەت ئۆلۈم ـ يېتىم بولسىلا قارىيلارنى چاقىرىپ مېھمان قىلىپ، ياغ پۇرىتىپ، قۇرئاننى ئوقۇتۇپ چىقىدىكەن، لېكىن باشقا چاغلاردا ئايلاپ ـ يىللاپ قولىغا ئېلىپمۇ قويمايدىكەن، قۇرئاننى دائىم توپا بېسىپ تۇرغىنى تۇرغان ئىكەن؛ تېخىمۇ ئېچىنارلىقى، بەزى مەسچىتلەردىمۇ بىر ئەمەس، ئون ـ يىگىرمە دانە قۇرئان مېھراب تەكچىسىدە ياكى تام ئىشكاپلاردا ۋەخپە قىلىپ ساقلىنىدىكەنۇ، ئۇنى ھېچكىم ئاي ـ يىللاپ ئوقۇپ كۆرمەيدىكەن، قۇرئاننى توپا بېسىپ تۇرغىنى تۇرغان ئىكەن؛ بەزى ئائىلىلەردە قۇرئان كەرىم ئانچە ـ مۇنچە ئوقۇلۇپ تۇرغان بولسىمۇ، قۇرئان كىتابىنىڭ يىرتىق، قاسماق، چۇۋۇق، ۋەيرانە ھالىتىنى كۆرسە ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېچىشىدۇ. ئۇلار قۇرئان ئۆيدە يا مەسچىتتە بولسىلا، يىرتىلىپ كەتمىسىلا، يوقاپ كەتمىسىلا، چىرىپ كەتمىسىلا ساۋاب تاپىدىغاندەك، ئۆزلىرىنى قۇرئاننى قوغدايدىغان كۆزەتچىلەردەك ھېس قىلىشىدىكەن، لېكىن قۇرئاننى توپا بېسىپ تۇرغىنى تۇرغان ئىكەن. بۇ ئەھۋال ھەقنى چۈشەنگەن ھەر بىر ئەقىل ئىگىسىنى قاتتىق ئېچىندۇرىدۇ.

جىمى مۇسۇلمانلارغا ئايانكى، قۇرئان كەرىم ئاللاھ تەرىپىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا چۈشۈرۈلگەن ئىلاھىي كىتاب! قۇرئاننى ساقلاشنىڭ ئۆزىلا ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلغانلىقتىن، ئىسلامنى تولۇق چۈشەنگەنلىكتىن دېرەك بەرمەيدۇ. قۇرئانغا ئۇنى ساقلاپ بېرىدىغان كۆزەتچى، قاراۋۇل بولۇشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇنى بىز قوغدىمىساقمۇ ئاللاھ قوغدايدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئاندا مۇنداق دېگەن:

**قۇرئاننى ھەقىقەتەن بىز نازىل قىلدۇق ۋە چوقۇم ئۇنى قوغدايمىز.**

ـــ سۇرە«ھىجر» (15 ـ سۇرە)، 9 ـ ئايەت

**ئۇنىڭغا ئالدىدىنمۇ، ئارقىسىدىنمۇ (يەنى ھېچقايسى تەرىپىدىن) باتىل يۈزلەنمەيدۇ، ئۇ ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى، مەدھىيىگە لايىق ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغاندۇر.**

ـــ سۇرە«فۇسسىلەت»(41 ـ سۇرە)، 42 ـ ئايەت

ئاللاھ قۇرئاننى قوغداپ كەلگەنلىكى ئۈچۈنلا 1400 يىلدىن بېرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قانداق تەرتىپتە نازىل قىلىنغان بولسا شۇ پېتى ھازىرغىچە ئۆزگەرمەي، يوقالماي كەلدى. ئەگەر ئاللاھ قوغدىمىغان بولسا شۇنچە كۆپ دۈشمەنلىك قىلغۇچىلارنىڭ ۋە شۇنچە كۆپ دەۋر بوران ـ چاپقۇنلىرىنىڭ توسالغۇسىغا ئۇچرىماي، بۇگۈنگىچە يا بىر ئايەت، يا بىر سۆز، ھەتتا بىر ھەرپىمۇ ئۆزگەرمەي شۇ پېتى ساقلىنىپ تۇرالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئاللاھ قۇرئاننى پەقەت پۈتۈن ئىنسانلارنىڭ ئوقۇپ، تەپەككۇر قىلىپ، بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە قىبلىنەما، دەستۇر، دۇنيا ۋە

---

*ئۇيغۇرچە قۇرئان كەرىم شۇ چاغدا نەشر قىلىنغاندا 99500 نۇسخا بېسىلغان

ئاخىرەتلىك بەخت ـ سائادىتىمىز ئۈچۈن يول كۆرسەتكۈچى جاھانىمىزنى قىلىشى ئۈچۈن بىزگە رەھمەت قىلىپ چۈشۈرگەن. ئاللاھ قۇرئان ئوقۇغۇچىلار ھەققىدە مۇنداق دېگەن:

**كىتابنى مەھكەم تۇتىدىغانلار، ناماز ئوقۇيدىغانلار (ساۋابقا ئېرىشىدۇ)، بىز ياخشى ئىش قىلغۇچىلارنىڭ ئەجرىنى ھەقىقەتەن زايە قىلىۋەتمەيمىز.**

ــــ سۈرە«ئەئراف»(7 ـ سۈرە)، 170 ـ ئايەت

**ئاندىن بىز كىتاب(يەنى قۇرئان)نى بەندىلىرىمىزدىن بىز تاللىغان كىشىلەرگە مىراس قىلىپ بەردۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى ئۆزىگە زۇلۇم قىلغۇچىدۇر (يەنى قۇرئاننى تىلاۋەت قىلغان بىلەن ئەمەل قىلمايدۇ)، بەزىسى ئوتتۇرا ھالدۇر (يەنى كۆپ چاغلاردا قۇرئانغا ئەمەل قىلىپ، قىسمەن چاغلاردا ئەمەل قىلمايدۇ) ۋە بەزىسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بويىچە ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئالدىرىغۇچىدۇر، ئەنە شۇ كاتتا مەرھەمەتتۇر.**

ــــ سۈرە«فاتىر» (35 ـ سۈرە)، 32 ـ ئايەت

**ئۇلار (ھەقنى تونۇش ئۈچۈن) قۇرئاننى پىكىر قىلمامدۇ؟ بەلكى ئۇلارنىڭ دىللىرىدا قۇلۇپ بار (شۇڭا ئۇلار چۈشەنمەيدۇ).**

ــــ سۈرە«مۇھەممەد»(47 ـ سۈرە)، 24 ـ ئايەت

**قۇرئان ساڭا ۋە سېنىڭ قەۋمىڭگە ئەلۋەتتە(ئۇلۇغ) شەرەپتۇر، سىلەر كەلگۈسىدە (بۇ نېمەت ئۈستىدە) سورىلىسىلەر.**

ــــ سۈرە«زۇخرۇف» (43 ـ سۈرە)، 44 ـ ئايەت

**كىمكى قۇرئاندىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭغا قىيامەت كۈنى (چوڭ گۇناھتىن) ئېغىر يۈك يۈكلىنىدۇ.**

ــــ سۈرە«تاھا»(20 ـ سۈرە)، 100 ـ ئايەت

بىرلىككە كەلگەن ھەدىستە ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئىككى تۈرلۈك كىشىگە ھەسەت قىلىنىشقا بولىدۇ: بىرى، ئاللاھ تائالا قۇرئاننى ئاتا قىلغان، ھەر ۋاقىت ئوقۇپ تۇرغان كىشى. يەنە بىرى، ئاللاھ پۇل ـ مال ئاتا قىلغان، ئۇنى كېچە ـ كۈندۈز(ئورۇنلۇق) سەرپ قىلغان كىشى"**.

ئوسمان ئىبنى ئەففان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئىچىڭلاردا قۇرئاننى ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەن ئادەم ئەڭ ئوبدان ئادەمدۇر"** (بۇخارى



توپلىغان).

ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ تائالانىڭ كىتابىدىن بىر ھەرپ ئوقۇغان كىشىگە بىر ياخشىلىق بولىدۇ. بىر ياخشىلىققا ئۆزىنىڭ ئون ھەسسىسىگە باراۋەر ئەجىر بولىدۇ. مەن 'الم' نى بىر ھەرپ دېمەيمەن، لېكىن 'ئەلىف' بىر ھەرپتۇر، 'لام' بىر ھەرپتۇر، 'مىم' بىر ھەرپتۇر"** (تىرمىزى توپلىغان).

قۇرئاننى دائىم ئوقۇپ تۇرۇشنىڭ ئەۋزەللىكى ھەققىدە قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردە نۇرغۇن بايانلار بار. قۇرئاننى كۆپ ئوقۇش، قۇرئان ھەققىدە پىكىر قىلىش ۋە ئۇنىڭغا تولۇق ئەمەل قىلىش ھەر قانداق بىر مۇسۇلماننى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە كاتتا ئەجىرگە ئىگە قىلىدۇ، ھېسابسىز ساۋابقا ئېرىشتۈرىدۇ. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئۇزاق تارىختا شامان دىنى، بۇددا دىنى، خرىستىئان دىنى قاتارلىق نۇرغۇن دىنلارنى قوبۇل قىلىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىسلام دىنىنى تاللىغانلىقى ۋە مىڭ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، قۇرئان كەرىمنى ئۆزىنىڭ مەنىۋىيىتىگە رەھنەما قىلىپ كەلگەنلىكى ۋە ئۇنى بىزگە مىراس قالدۇرغانلىقى بىزنىڭ پەخرىمىز. بۇ تۆپەيلى، ئاللاھقا قانچە ھەمدۇسانا ئېيتساق ئازلىق قىلىدۇ. شۇنداق بولغانىكەن، بىزمۇ قۇرئان كەرىم ھەققىدە پىكىر قىلايلى، ئۇنى ئوقۇپ ئىمانىمىزنى پەرۋىش قىلايلى، قۇرئاندىكى ئەھكاملارغا تولۇق ئەمەل قىلايلى. قۇرئان كەرىمنى ھەرگىز توپا بېسىپ قالمىسۇن، ئاللاھ قەلبىمىزنى ئىمان نۇرى بىلەن يورۇتقاي، ئامىن!

(ئاپتور: ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# مېيىپلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى

مۇھەممەتجان ئىبراھىمجان

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مېيىپ - مەجرۇھلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنىڭ ئىنسانىي قەدىر - قىممىتى، كىشىلىك ھوقۇق - مەنپەئەتى، ئىقتىسادى، ئىجتىمائىي ئورنىنى قوغداش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش، ئاللاھ ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمدە پەرمان ئىلاھىي قىلغان ئۇلۇغ چاقىرىق، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىدە كۆرسەتكەن ۋە ھەدىسلىرى ئارقىلىق بارلىق ئۈممەتلەرگە دەۋەت قىلغان، ئىسلام دىنىدا ئىمان ۋە ئەمەل جۈملىسىگە ياتىدىغان گۈزەل ئەخلاق.

مېيىپ - مەجرۇھ دېگەندە جىسمانىي جەھەتتىن سىرتقى ھەرىكەت ئەزالىرىدىن قول - پۇت، تىل، كۆز - قۇلاقلىرىنىڭ ئىقتىدارىدىن ئايرىلىش، تەبىئىي كەمتۈك بولۇش، ھەر خىل كېسەللىك ئاسارەتلىرى سەۋەبلىك تۇرمۇش، ئەمگەك، خىزمەت ۋە پىكىر قىلىش ئىقتىدارىدىن ئايرىلىشتەك ئاجىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان كىشىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مېيىپ - مەجرۇھلۇق ھېچكىمنىڭ ئىرادىسى ۋە خاھىشى ئەمەس، ئۇ، تۇغما بولۇشى، ھەر خىل ھادىسە، كېسەللىك، ئۇرۇش، ئاپەت، تاسادىپىي ۋەقەلەر سەۋەبلىك پەيدا بولۇشى مۇمكىن.

كىشىلىك جەمئىيەتتە مېيىپ - مەجرۇھ كىشىلەر مەلۇم سانني ئىگىلەيدىغان بولۇپ، بۇ زور كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ مەسىلىسى — مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلە، جۈملىدىن ئىسلام دىنىدىكى جامائەت ۋە جەمئىيەتنىڭ، بارلىق مۇسۇلمان ئاممىسىنىڭ مۇھىم مەسئۇلىيىتى، تونۇش مەسىلىسى، ئېتىقاد مەسىلىسى، ئەمەلدە كۆرسىتىش تەلەپ قىلىدىغان ئىنسانىي ۋە ئەخلاقى - پەزىلەت مەسىلىسى.

ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:



قىيامەت (نىڭ بولىدىغان ۋاقتى) توغرىسىدىكى بىلىم ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىدۇر. ئاللاھ يامغۇرنى (ئۆزى بەلگىلىگەن ۋاقىتتا ۋە ئۆزى بەلگىلىگەن جايغا) ياغدۇرىدۇ، بەچچىدانىدىكىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى (يەنى ئوغۇلمۇ، قىزمۇ، بېجىرىممۇ، كەمتۈكمۇ، بەختلىكمۇ، بەختسىزمۇ) ئاللاھ بىلىدۇ. ھېچ ئادەم ئەتە نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى (يەنى ئۇنىڭغا نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى، ياخشى-يامان ئىشلاردىن نېمىلەرنى قىلىدىغانلىقىنى) بىلمەيدۇ، ھېچ ئادەم ئۆزىنىڭ قەيەردە ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن (پۈتۈن ئىشلارنى) بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، (شەيئىلەرنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى تەرەپلىرىدىن) تولۇق خەۋەرداردۇر.

— سۈرە «لوقمان» (31 - سۈرە)، 34 - ئايەت

مۇنداق ئىلاھىي قۇدرەت ئىگىسى ئالدىدا، جىسمانىي جەھەتتىن، ئىنساندا تاللىۋېلىش ئەركىنلىكى يوق، بىر يىلغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، باھار، ياز، كۈز، قىش قاتارلىق پەسىللەر بىر يىلنىڭ تەبىئىي مەزمۇنى بولغىنىدەك، بېجىرىم، تەن

دۇرۇس، ساق ـ سالامەت ئىنسان بىلەن ھەر خىل دەرىجىدىكى كېسەل، مېيىپ ـ مەجرۇھ، ئاجىزلارنىڭ بىرلىكتە بۇ دۇنيادىكى بىر قىتئە، بىر دۆلەتتە بىرلىكتە ياشاش ئۈچۈن يارىتىلىشى كىشىلىك دۇنياسىنىڭ ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى لايىھىلىنىش ـ ئىختىرا قىلىنىشىدىكى، پەقەت ئاللاھنىڭ ئۆزى بىلىدىغان بىر خىل سىر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى ئاللاھنىڭ ئۆزىگە خاس بولغان ئىرادىسى ۋە ھېكمىتى.

ئىسلام دىنى ئاللاھنىڭ ئەمر ـ پەرمانى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك سۈننەتلىرى ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئېتىقادى، ئەخلاقى، ئىجتىمائىي ھاياتى، تۇرمۇشى، ياشاش ئادەتلىرىنى تەرتىپكە سېلىپ، مۇسۇلمانلار جامائىتىنىڭ يۈكسەك ئىنسانىي ئېڭى ۋە ئۆزىنى تاكامۇللاشتۇرۇشىنىڭ ئۈلگىلىك روھىنى بەرپا قىلدى. جۈملىدىن مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولغان ئاجىز، مىسكىن، مېيىپ ـ مەجرۇھلار مەسىلىسىنى يەنى ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنىڭ ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممەتلىرىنى، قانۇنىي ھوقۇق ـ مەنپەئەتلىرىنى قوغداش، ئۇلارغا تۇرمۇش، ئىقتىساد ۋە تۈرلۈك ئىشلاردا ئاسانلىق يارىتىپ بېرىش، ئۇلارنىڭ ماددىي تۇرمۇش، ھايات يوللىرى ھەققىدە ئورتاق كۈچ چىقىرىشنى ''ئىمان ـ ئېتىقاد''قا ئوخشاش مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە تۇرۇپ ھەل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىپ، بارلىق مۇسۇلمانلاردىن بۇ مۇھىم ئىجتىمائىي مەسىلىگە كۈچ چىقىرىشنى تەلەپ قىلىپ، بۇ خىل ئەمەلىيەت ئارقىلىق بارلىق مۇسۇلمانلار ئارىسىدا يېڭىچە بىر خىل ئىسلامىي روھىي دۇنيانى يېتىشتۈرۈشنى تەلەپ قىلىدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**سىلەرنىڭ كۈن چىققان ۋە كۈن پاتقان تەرەپكە يۈز كەلتۈرۈشۈڭلارنىڭ ئۆزىلا ياخشى ئەمەلگە ياتمايدۇ. بەلكى ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە، پەرىشتىلەرگە، كىتابقا (يەنى ئاللاھ نازىل قىلغان كىتابلارغا)، پەيغەمبەرلەرگە ئىمان كەلتۈرۈش، ئاللاھنى سۆيۈش يۈزىسىدىن خىش-ئەقرىبالارغا، يېتىملەرگە، مىسكىنلەرگە، ئىبن-سەبىللەرگە (يەنى پۇل-مېلىدىن ئايرىلىپ قالغان مۇساپىرلارغا)، سائىللارغا ۋە قۇللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشىشىگە پۇل-مال ياردەم بېرىش، ناماز ئوقۇش، زاكات بېرىش، ئەھدىگە ۋاپا قىلىش، يوقسۇزلۇققا، كېسەللىككە ۋە (ئاللاھنىڭ يولىدا قىلىنغان) ئۇرۇشقا بەرداشلىق بېرىش ياخشى ئەمەلگە كىرىدۇ. ئەنە شۇلار (يەنى يۇقىرىقى سۈپەتلەرگە ئىگە كىشىلەر) (ئىمانىدا) راستچىل ئادەملەردۇر، ئەنە شۇلار تەقۋادار ئادەملەردۇر.**

— سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 177 ـ ئايەت

ئىمان ۋە ئەمەل مەسىلىلىرىنى يۈكسەك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بەرگەن بۇ ئۇلۇغ ئايەت كەرىمدىكى ياخشى ئەمەللەرنىڭ بىرى بولغان ''مىسكىنلەرگە ياردەم بېرىش''— بىز دەۋاتقان چارىسىز، ئىلاجسىز ئەھۋالدا قالغان مېيىپ ـ مەجرۇھلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن قىزغىن ياردەم بېرىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىنسانىنىڭ مەنىۋى كامالىتىنىڭ ئۇلۇغ قىبلىنامىسى بولغان قۇرئان كەرىمدىكى نۇرغۇن ئايەتلەردە مېيىپ ـ مەجرۇھ، مىسكىن كىشىلەر زىكرى قىلىنىپ، ئۇلارغا ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئىزدىگەن ھالدا، خالىس، سەمىمىي ۋە قىزغىن ھالدا تائام بېرىش تەشەببۇس قىلىنغان. سەدىقە بەرگەنلەر مەدھىيىلىنىپ، ئۇلارغا جەننەت ۋەدە قىلىنغان؛ سەدىقە بەرمىگەن، سەدىقە بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغانلارغا لەنەت ـ نەپرەت ئىپادىلىنىپ، ئۇلارغا دوزاخدىن ئاگاھلاندۇرۇش بېرىلگەن. قۇرئان كەرىمدىكى ئايەتلەردە مېيىپ ـ مەجرۇھلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا ئاساسەن ئىنسانپەرۋەرلىكنى چىقىش قىلغان ھالدا، ئۇلاردىكى بىر قىسىم مەجبۇرىيەتلەر كەچۈرۈم قىلىنىپ، ئۇلارغا ئالاھىدە ئېتىبار بىلەن قارالغان. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**(جىھادقا چىقمىسا) ئەماغا گۇناھ بولمايدۇ، توكۇرغىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كېسەلگىمۇ گۇناھ بولمايدۇ، كىمكى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبەرلىرىگە ئىتائەت قىلىدىكەن، ئۇنى ئاللاھ ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىدۇ.**

— سۈرە «فەتھ» (48 ـ سۈرە)، 17 ـ ئايەت

قۇرئان كەرىمدە يەنە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**دىننى ئىنكار قىلغان ئادەمنى كۆردۈڭمۇ؟ ئۇ**

**يېتىمنى دۆشكەلەيدىغان، مىسكىنگە تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدىغان ئادەمدۇر، شۇنداق نامازئوقۇغۇچىلارغا ۋايكى، ئۇلار نامازنى غەپلەت بىلەن ئوقۇيدۇ، ئۇلار قۇلقا بەرمەيدۇ.**

— سۈرە«مائۇن»(107 ـ سۈرە) ، 1 ـ 7 ـ ئايەتلەر

بۇ يەردە دىننى ئىنكار قىلغۇچىنىڭ قىياپىتى كۆرسىتىلگەن: ئۇ، يېتىمنى خارلاپ، دۆشكەلەپ، يېنىدىن ھەيدىۋېتىدۇ؛ پېقىر، مىسكىن ۋە موھتاجلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىغا كۆز يۇمۇپ، ئۇلارغا تاماق بېرىشنى تەرغىب قىلمايدۇ؛ ئۇلار يوقسۇللارغا ئىچ ئاغرىتمايدىغان، ئۆزى بېخىل ، خەسىس بولغانلىقى ئۈستىگە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى ۋە يېقىن بۇرادەرلىرىنىمۇ مىسكىنلەرگە تاماق بېرىشكە تەرغىب قىلمايدىغان تاش يۈرەك كېلىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان ”تائام“مىسكىننىڭ ھەققى؛ ئۇ ”تائام“غا ئېرىشىش مىسكىننىڭ ئۆز ھەققى، مىسكىننىڭ ھەققى بولغان ”تائام“نى بەرمەسلىك دىننى ئىنكار قىلغان ئاچكۆز، بېخىل، كۆڭلى قاتتىق ۋە رەھىمسىزلىكنىڭ بىرخىل ئىپادىسى.

ئەينى زاماندىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەب جامائەتچىلىكى ئىچىدە ئاجىزلار، مىسكىنلەر، مېيىپ ـ مەجرۇھ، تۇل خوتۇن، يېتىم ئوغۇل ـ قىزلار جەمئىيەت ۋە كىشىلەر تەرىپىدىن مىسلىسىز دەرىجىدە كەمسىتىلەتتى، خورلىناتتى، چەتكە قېقىلاتتى. ئۇلارنىڭ ھېچقانداق ئېتىبارى ۋە ئىجتىمائىي ئورنى يوق ئىدى. بۇ، قەبىھ سىياسىي زۇلۇم ۋە چىرىك ئەخلاقىي چۈشكۈنلۈكنىڭ رەھىمسىز مەنزىرىسى ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ پەرمانى بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى تەرغىب قىلىشقا باشلىغاندىن كېيىن يۇقىرىقىدەك تەڭسىز، ئەخلاقسىز، ئادالەتسىز ئىجتىمائىي مۇئامىلىگە تۈپتىن قارىمۇقارشى ھالدا ئىسلام دىنىنىڭ ئىجتىمائىي باراۋەرلىكى، ئىناق ـ مېھرىبانلىقىنى تەشەببۇس قىلىپ، جەمئىيەتتە كەمسىتىلگەن ئاجىزلار، مىسكىنلەر، مېيىپ ـ مەجرۇھ كىشىلەرگە قارىتا تەشەببۇسكارلىق بىلەن قىزغىن مۇئامىلىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈردى. ئۇلارنى ھەر دائىم ئۆزىگە ھەمراھ قىلىپ يېنىدىن، سۆھبەتلىرىدىن ئايرىمىدى. ئۇلارغا ئالاھىدە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، قىزغىن مېھرىبانلىق قىلدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامدىكى مېھرىبانلىق ـ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش ئاساسىدىكى سۆيۈش، ھېسداشلىق قىلىش، كۆڭۈل بۆلۈش، قىزغىن ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت ئاق كۆڭۈل مۇئامىلە ئىدى. مۇنداق دانا سىياسەت تۈپەيلى جەمئىيەتنىڭ تۆۋەن قاتلاملىرىدىكى مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ئىسلامنىڭ نۇرى تېزلا جەۋلان قىلدى. يەنى مېيىپ ـ مەجرۇھلارغا، مىسكىن ـ يېتىملەرگە باراۋەر مۇئامىلە قىلىشتەك ئىنسانپەرۋەرلىك ئادالەت روھى جاھىلىيەت دەۋرىدىكىگە تۈپتىن ئوخشىمايدىغان يېپ ـ يېڭى بىر ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئىسلام دىنىنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى مىسلىسىز دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈردى. نەتىجىدە مىڭلىغان، ئونمىڭلىغان تۆۋەن تەبىقە كىشىلىرى مىللەت، ئىرق ئايرىماي ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلدى. ئۇلار گەرچە ئىقتىسادىي جەھەتتە نامرات بولسىمۇ، مەنىۋى ـ روھىي جەھەتتىكى يۈكسەك، ئۇلۇغۋار غايىلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە سادىق مۇسۇلمانلارغا، ئىسلام دۇنياسىنىڭ تەۋرەنمەس، قەيسەر جەڭچىلىرى، شانلىق قەھرىمانلىرىغا ئايلاندى.

ئاللاھنىڭ چاقىرىقى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىگە ئەمەل قىلىپ مېيىپ ـ مەجرۇھلار، مىسكىن ـ يېتىملەرگە خەيرخاھلىق قىلغانلار شەرەپلىك كىشىلەر بولۇپ، ئاللاھنىڭ مەدھىيىلىشىگە ئېرىشكەن. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**پۇل-مېلىنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغان، ئارقىسىدىن ئۇنىڭغا مىننەت قىلمايدىغان ۋە (خەير-ساخاۋەتكە ئېرىشكەنلەرنى) رەنجىتمەيدىغان كىشىلەر پەرۋەردىگارىنىڭ دەرگاھىدا ساۋاب تاپىدۇ، ئۇلارغا (قىيامەت كۈنى) قورقۇنچ ۋە غەم-قايغۇ بولمايدۇ.**

— سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە) ، 262 ـ ئايەت

قۇرئان كەرىمدە يەنە بۇ ئالىيجاناب، ھۆرمەتلىك كىشىلەر توغرىسىدا مۇنداق دېيىلىدۇ:

**ئۆزى موھتاج تۇرۇقلۇق مىسكىنگە، يېتىمگە، ئەسىرگە تائام بېرىدۇ. (ئۇلار ئېيتىدۇ) ”سىلەرگە بىز**

**ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن تائام بېرىمىز، سىلەردىن (بۇنىڭ بەدىلىگە) ھېچقانداق مۇكاپات ۋە تەشەككۇر تەلەپ قىلمايمىز».**

سۈرە «ئىنسان» (76 ـ سۈرە)، 8 ـ 9 ـ ئايەتلەر

ئىنساني كامالەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىدە تۇرغان بۇ كىشىلەرنىڭ جايى ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە كۆپ قېتىم ۋەدە قىلغان بىھېساب نازۇ نېمەتلىك جەننەتتۇر.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە كۆرسەتكەن "مىسكىنلەرگە تائام بېرىش" — چېكى يوق، خالىس ئىش بولۇپ، پەقەت ئاللاھنىڭ رىزالىقىنى ئىزدەشتىن ئىبارەت. بۇ يەردە "تائام بېرىش"دىن ئىبارەت سەدىقەنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكى، ئاز ـ كۆپلۈكى كۆزدە تۇتۇلماستىن، بەلكى سەدىقىنىڭ ئۈزلۈكسىزلىكى ۋە ئۈكسۈپ قالماسلىقى تەلەپ قىلىنىدۇ. "تائام بېرىش" تار مەنىدىن ئېيتقاندا، مىسكىنلەرگە، مىيىپ ـ ئاجىز، مەجرۇھلارغا يېمەك ـ ئىچمەك، تۇرار جاي قاتارلىقلارنى بېرىپ ئۇلارنىڭ كۈندىلىك ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ؛ كەڭ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجى، ھوقۇق ـ مەنپەئەتى، ئىنسانلىق قەدىر ـ قىممەتلىرىنى قوغداش، ئۇنى كاپالەتلەندۈرۈش ۋە بۇنداق قىلىشنى ئۈزۈپ قويماسلىق كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەرگە كۆيۈمچانلىق سۈپىتى بىلەن ئاجايىپ ئېسىل نەمۇنە ياراتتى. ئۇ، ئۆزىنىڭ شەرەپلىك ھاياتىدا بىرمۇ سائىلنى ئۆز ئېھسانىدىن مەھرۇم قويغان ئەمەس، مىسكىن، مىيىپ ـ ئاجىزلارنىڭ ھاجەتلىرىنى راۋا قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئارام ئېلىش ۋاقىتلىرىنى قۇربان قىلغان، ئۆزى ئاچ يۈرۈپ، ئاچلارنى تويغۇزغان. ئۇنىڭ مۇنداق روھى ئۇنىڭ باللىق ۋاقىتلىرىدىن تارتىپ يېتىشتۈرگەن شەرەپلىك ئادىتى ئىدى. ئۇ، بارلىق ساھابىلارغا مىيىپ ـ ئاجىزلارغا مېھرىبانلىق قىلىش، ياردەم بېرىشنى قىزغىن تەشەببۇس قىلغان. مىيىپ ـ ئاجىز، مىسكىنلەرنى ھىمايە قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قەدىرلەپ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك قەلبىدە ئادىمىيلىك ھېسلىرىنى ئويغىتىپ، ئېتىقادىنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئاچقان. ئۇ: **"مەن يېتىمنى باققۇچى ئادەم بىلەن جەننەتتە مۇشۇنداق يېقىن تۇرىمەن دەپ، كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن ئوتتۇرا بارمىقىنىڭ ئارىسىنى ئېچىپ كۆرسەتكەن"**. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يەنە: **"مېنى ئاراڭلاردىكى ئاجىز كىشىلەرنىڭ ئىچىدىن تېپىڭلار، چۈنكى سىلەرگە ھەقىقەتەن شۇ ئاجىز كىشىلەرنىڭ بەرىكىتىدىن رىزىق بېرىلىدۇ"** دېگەن (بۇخارى توپلىغان). ئۇ يەنە: **"تۇل خوتۇن ۋە مىسكىنلەرگە خەير-ساخاۋەت قىلغۇچىغا ئاللاھنىڭ يولىدا جىھاد قىلغۇچىنىڭ ياكى كېچىسى ئىبادەت قىلىپ، كۈندۈزى روزا تۇتقۇچىنىڭ ساۋابى بولىدۇ"** دېگەن (بۇخارى توپلىغان).

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام "ئەسھابۇل سۇففە" يەنى سۇپىدا ئولتۇرىدىغانلارغا بەكمۇ غەمخورلۇق قىلغان. بۇ كىشىلەر مەدىنەدىكى "پەيغەمبەر مەسچىتى"دە يېتىپ قوپىدىغان بىر تۈركۈم ئۆي ـ ماكانسىز نامرات ساھابىلەر بولۇپ، ئۇلار ئەسلىدىكى مەدىنە كەمبەغەللىرى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن كۆپ قېتىملىق جىھادلارغا چىقىپ، مىيىپ ـ مەجرۇھ بولۇپ قالغان ساھابىلەر، ھەر قايسى جايلاردىن ئىلىم ـ مەرىپەت ئىزدەپ كەلگەن ئىلىمگە ھېرىسمەن كىشىلەر توپى ئىدى. ھالىدىن باشقىلار خەۋەر ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان بۇ كىشىلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھىمايىسىدە ئىدى. ئۇ، ئۇلارغا ھەمىشە تائام بېرەتتى، كەلگەن سەدىقەلەرنى ئۇلارغا تارقىتىپ بېرەتتى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەر دائىم **"ئى ئاللاھ مېنى مىسكىنلەرنى ياخشى كۆرىدىغان قىلغىن"**، دەپ دۇئا قىلاتتى.

ساھابىلەردىن ئابدۇللا ئىبنى مۇغەپپەل مۇنداق دەيدۇ: "بىر كۈنى بىر كىشى كەلدى. ئۇ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قاراپ: 'ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، ئى مۇھەممەد، مەن سېنى بەك ياخشى كۆرىمەن' دېدى ۋە بۇ جۈملىنى 3 قېتىم تەكرارلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **'مېنى ياخشى كۆرىدىغان بولساڭ، پېقىرلىققا، گادايلىققا تەييارلىق قىل، كەمبەغەل، سېرىقتال بولساڭ، مېنى ياخشى كۆرگەن بولساڭ، پېقىرلىق سېنى مېنىڭ ئالدىمغا خۇددى نودىن سۇ چۈشكەندەك تېزلا ئېلىپ كېلىدۇ'** دېدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھەر قاچان 'رەھىم قىلغۇچىلارغا

مەرھەمەتلىك ئاللاھ رەھىم قىلىدۇ. سىلەر زېمىندىكىلەرگە رەھىم قىلىڭلار، سىلەرگە ئاسماندىكى زات رەھىم قىلىدۇ، دەپ تەلىم بېرەتتى“(بۇخارى توپلىغان). ئۇنىڭ مىڭلىغان ھەدىسلىرىدە ئاجايىپ ھېكمەتلىك جۇملىلەر ئارقىلىق كەمبەغەللەرگە، مىسكىنلەرگە، مېيىپ - مەجرۇھلارغا غەمخورلۇق قىلىش، سىلە - رەھىم قىلىش قايتا - قايتا تەۋسىيە قىلىنغان.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتىم - ئاجىز، مىسكىن، مېيىپ - مەجرۇھ كىشىلەرگە خەير - ئېھسان، سىلە - رەھىم قىلىشتەك پەيغەمبەرلىك ئەخلاقى، يۈكسەك ئىنسانلىق پەزىلىتى ئۆز دەۋرىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدىكى مۆمىن ۋە سادىق مۇسۇلمانلارنىڭ قەلبىدە مەڭگۈلۈك نۇرلىنىپ تۇرماقتا.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يالغۇز ئۆزىلا يېتىم - ئاجىز، مىسكىن، مېيىپ - مەجرۇھ كىشىلەرگە مېھىر - شەپقەت، سىلە - رەھىم قىلىش بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي، رەپىقىسى ھەزرىتى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا ھەمىشە نەسىھەت قىلىپ: ”**ئى ئائىشە، سەن مىسكىنلەرگە دەككە بەرمە، يېرىم تال خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ، سەدىقە بېرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ئېلىپ يولغا سالغىن؛ ئى ئائىشە، سەن ئۇلارنى يېنىڭغا تارتىپ، ئۇلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولساڭ، ئاللاھ سېنى ئۆز يېنىغا تارتىدۇ**“ دەيتتى.

جىسمانىي جەھەتتىن كەمتۈك، ئىقتىسادىي جەھەتتىن كەمبەغەل بولغان بۇ بىر تۈركۈم كىشىلەر ئۆزىنىڭ ئاللاھقا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەت - ئەقىدىسى، سادىق ۋە ساغلام قەلبى بىلەن ھۆرمەت - ئىلتىپاتقا سازاۋەر، غەمخورلۇق قىلىنىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈنىشكە ئەڭ ھەقلىق كىشىلەردۇر.

بىر ئىنسان خەلق ئىچىدە ھەر قانچە پېقىر، تۆۋەن مەرتىۋىلىك بولسىمۇ، ياكى مېيىپ - مەجرۇھ بولسىمۇ، ئۇ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئەزىز بولالايدۇ. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**يېنىغا ئەما ئادەم كەلگەنلىكى ئۈچۈن (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام) تەرىنى تۈردى ۋە يۈزىنى ئۆرۈۋالدى. (ئى مۇھەممەد!) نېمە بىلىسەن؟ (بەلكى) ئۇ (سەندىن ئالغان مەرىپەت بىلەن گۇناھلاردىن) پاكلىنىشى مۇمكىن، ياكى ۋەز-نەسىھەت ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشى مۇمكىن. ئۆزىنى (ئىماندىن) بىھاجەت ھېسابلايدىغان ئادەمگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا يۈزلىنىسەن(يەنى ئۇنىڭغا قۇلاق سېلىپ تەبلىغ قىلىشقا كۆڭۈل بۆلىسەن). ئۇ (كۇفرىدىن، گۇناھلاردىن) پاكلانمىسا، ساڭا نېمە زىيىنى؟سەندىن مەرىپەت تىلەپ، ئاللاھدىن قورققان ھالدا يۈگۈرۈپ كەلگەن كىشىگە كەلسەك، سەن ئۇنىڭغا قارىماي قويىسەن. (بۇنىڭدىن كېيىن)ئۇنداق قىلمىغىن. بۇ ئايەتلەر ۋەزدۇر.**

سۈرە«ئەبەسە»(80 - سۈرە) ، 1 — 11 - ئايەتلەر —

بۇ ئايەتلەر ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇم توغرىسىدا نازىل بولغان. ئۇ، ئەما كىشى بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ئىدى. بۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قۇرەيشنىڭ چوڭلىرىنى ئىسلام دىنىغا دەۋەت قىلىپ، ئاللاھ ئۇنىڭغا نازىل قىلغان دىننى بايان قىلىۋاتاتتى. ئابدۇللا ئىبنى مەكتۇم رەسۇلۇللاھقا: ”ئاللاھ ساڭا بىلدۈرگەن نەرسىلەردىن ماڭا تەلىم بەرگىن“ دېدى. ئۇ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قۇرەيش چوڭلىرىنى دىنغا دەۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، ئىبنى مەكتۇم ھېلىقى سۆزىنى تەكرارلاۋەردى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا چىرايىنى تۈرۈپ، قارىماي قويدى، شۇنىڭ بىلەن يۇقىرىقى ئايەتلەر نازىل بولدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئايەت نازىل بولغاندىن كېيىن ئابدۇللا ئىبنى ئۇممۇ مەكتۇمنى ھۆرمەت قىلاتتى، ئۇنى كۆرگەن چاغدا ”**پەرۋەردىگارىمنىڭ ماڭا كايىشىغا سەۋەب بولغان كىشىنى قارشى ئالىمەن**“ دەيتتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىككى قېتىم غازاتقا چىقىپ كەتكەندە ئۇنى مەدىنىدە ئۆز ئورنىدا خەلىپە قىلىپ قويغانىدى ۋە بەزى ئۇرۇشلاردا ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۈرگەن ھالدا ۋە ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى ئۈچۈن ئۆزى شۇ يەردە بولغان بولسىمۇ، ئابدۇللا ئىبنى مەكتۇمنى نامازدا ئىماملىققا ئۆتكۈزگەن.

ئىسلام شەرىئىتىدە تېنى ساغلام كىشى ئۈچۈن ئالتۇن - كۈمۈشتىن زىبۇزىننەت بۇيۇملىرىنى ئىشلىتىش، يىپەك كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشنىڭ ھاراملىقى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بىلەن قەيت قىلىنغان. لېكىن مېيىپ - مەجرۇھ

كىشىلەرنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا نىسبەتەن يۇقىرى دەرىجىدە ئېتىبار بېرىش يولىغا قويۇلغان بولۇپ، ئۇلارغا ئالتۇن-كۈمۈش ئىشلىتىش تەشەببۇس قىلىنغان. ئابدۇراخمان ئىبنى تەرەپىدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ چوڭ دادىسى ئۇرفەجە ئىبنى ئەسئەدنىڭ بۇرۇن قاڭشىرى بەدرى غازىتىدا كېسىلىپ كېتىپ، مېيىپ بولۇپ قالغان. ئۇ، كۈمۈشتىن بۇرۇن قاڭشىرى ياسىتىپ سېلىۋالغان بولسىمۇ، ئۇستىدىكى كۈمۈش چىرىپ كەتكەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بۇنى كۆرۈپ، ئالتۇندىن ياسىتىپ سېلىۋېلىشنى بۇيرۇغان(تىرمىزى، ئەبۇ داۋۇت قاتارلىقلار توپلىغان). بۇ ھەدىسنىڭ روھى بويىچە چىش، بۇرۇن قاتارلىق مۇھىم ئەزالار زەخىملەنسە، بۇ ئەزالارغا ئالتۇن ئىشلىتىپ زىننەتلەشنىڭ دۇرۇسلۇقى كېيىنكى ئالىملار تەرىپىدىن دەلىللەنگەن.

مېيىپ-مەجرۇھ كىشىلەر قارىماققا جىسمانىي جەھەتتىن تەن ئەزالىرى كەمتۈك، مېيىپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلاردا نورمال، تەن دۇرۇس كىشىلەرگە ئوخشاش ئاللاھ ئىنسان قەلبىگە يەرلەشتۈرگەن روھ، روھىي دۇنيا، ئىنسانلىق يۈرەك، ئادىمىي كۆڭۈل، نەپس خاھىش، ئىنسانىي ھېسسىيات بار. ئۇلار دۇنيادا ئىنسان مەنپەئەتلىنىشكە ياراتقان بارلىق نازۇ نېمەتلەر، جىسمانىي لەززەت، ھەرىكەت ۋە ئەمەلىي ئىمكانىيەتلەردىن بەھرىمەن بولۇشتەك ئىنسان بەختىگە مۇيەسسەر بولالماي، مەھرۇمىيەت ئىچىدە قالغانلىقىدىن ھەسرەتلىنىپ، ئۈمىدسىزلىك، كۆڭلى يېرىملىق، چۈشكۈنلۈك ئىچىدە تۇرىدۇ. مۇنداق ساقايماس ئۈمىدسىزلىك، مەڭگۈلۈك ئازاب-ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان مېيىپ-مەجرۇھلارغا نىسبەتەن ماددىي ياردەم، خەير-ئېھسان جىددىي زۆرۈر بولۇپلا قالماي، بەلكى ياخشى سۆز، ياخشى مۇئامىلە، ياخشى كۆڭۈل، تەڭ-باراۋەر كۆرۈش، ئۇلارنىڭ كىشىلىك قەدىر-قىممىتىگە ئېتىبار بېرىشتەك ئەڭ چوڭ خەير-ئېھسان لازىمكى، بۇ، ھەتتا ئاش-ناندىنمۇ قەدىرلىك ھەمدە سۆيۈملۈك ھېسابلىنىدۇ.

جىسمانىي ۋە روھىي ئازاب ئىچىدە قالغان دىلى نازۇك كىشىلەرنى كەمسىتىشكە بولمايدۇ. كەمسىتىشتەك ناچار مۇئامىلە ھەتتا زەررىچىلىك بولسىمۇ، ماددىي جەھەتتىن كۈچلۈك رېئاكسىيە پەيدا قىلىپ، قەلبكە ئورناپ كەتكەن ئازابنى ھەسسىلەپ ئاشۇرىدۇ ۋە ئۇنى روھىي، ماددىي جەھەتتىن زەئىپلەشتۈرىدۇ.

قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفنىڭ روھى بويىچە ئاللاھ.تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىشەنگەن كىشىنىڭ باشقىلارنى مەسخىرە قىلىشى، بولۇپمۇ ئاجىز-مىسكىن، مېيىپ-مەجرۇھلارنى مەسخىرە ئوبيېكتىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشى — ھارام. چۈنكى مۇنداق قىلىش مەخپىي تەكەببۇرلۇق ۋە نىقابلانغان مەغرۇرلۇق بولۇپ، باشقىلارنى ھاقارەتلىگەنلىك، ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ياخشى-يامانلىق، قەدىر-قىممەت ئۆلچەملىرىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن چۈشەنمىگەنلىك. ئاللاھ تائالانىڭ نەزىرىدىكى ئەۋزەللىك، قەدىر-قىممەت — تاشقى قىياپەت، جىسمانىي سۈپەت، مال-مۈلۈك، يۈز-ئابرۇي بولماستىن، بەلكى ئىمان، ئىخلاس، ئاللاھ تائالا بىلەن بولغان مۇناسىۋەتنىڭ ياخشى بولۇشىغا تايىنىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ تائالا سىلەرنىڭ شەكلىڭلارغا ۋە مال-مۈلكۈڭلارغا قارىمايدۇ، لېكىن قەلبىڭلارغا قارايدۇ"** (مۇسلىم توپلىغان).

دېمەك، ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن بىر كىشىنىڭ يەنە بىر كىشىنى ئۇنىڭ جىسمانىي مېيىپ-مەجرۇھلۇقى ياكى ئۇنىڭ چىراي كۆرۈنۈشىدىكى سەتلىك، ھەرىكەت ئىقتىدارىدىكى بىرەر ئاجىزلىق، ئىقتىسادىي جەھەتتىكى كەمبەغەللىكى تۈپەيلى ئۇنى مەسخىرە قىلىشى توغرا ئەمەس. بىر كۈنى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇدنىڭ ئىنچىكە پاچاقلىرى ئېچىلىپ قالغاندا، سورۇندىكىلەرنىڭ بەزىلىرى كۈلۈشۈپ كەتكەن. بۇنى كۆرۈپ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا مۇنداق دېگەن: **"ئۇنىڭ پاچاقلىرىنىڭ ئىنچىكىلىكىدىن كۈلۈشۈۋاتامسىلەر؟ ئاللاھ تائالا بىلەن قەسەمكى، ئۇنىڭ مۇشۇ ئىككى پاچىقى تارازادا ئوھود تېغىدىنمۇ ئېغىر كېلىدۇ"**(ئەھمەد توپلىغان).

قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**ئى مۆمىنلەر! بىر قەۋم يەنە بىر قەۋمنى (يەنى بىر**

**جامائە يەنە بىر جامائەنى، بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى) مەسخىرە قىلمىسۇن، مەسخىرە قىلىنغان قەۋم (ئاللاھنىڭ نەزىرىدە) مەسخىرە قىلغۇچى قەۋمدىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئاياللارمۇ ئۆزئارا مەسخىرە قىلىشمىسۇن. مەسخىرە قىلىنغۇچى ئاياللار (ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا) مەسخىرە قىلغۇچى ئاياللاردىن ياخشىراق بولۇشى مۇمكىن. بىر-بىرىڭلارنى ئەيىبلىمەڭلار، بىر-بىرىڭلارنى يامان لەقەملەر بىلەن چاقىرماڭلار، ئىماندىن كېيىن پىسقى بىلەن ئاتاش(مۆمىننى پاسىق دەپ ئاتاش) نېمىدېگەن يامان! (مۇنداق نەھيى قىلىنغان ئىشلاردىن) تەۋبە قىلمىغانلار زالىملاردۇر.**

——سۈرە«ھۇجۇرات»(49 ـ سۈرە)، 11 ـ ئايەت

ئاللاھ ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمدە ۋەھيى قىلغان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ سۈننەتلىرى ۋە ھەدىسلىرى ئارقىلىق دەۋەت قىلغان مېھىر ـ مەجرۇھلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارنى غەمدىن خالاس قىلىش چاقىرىقى ئىككى ياقلىملىقتا ئىگە بولۇپ، كۆڭۈل بۆلگۈچىلەر بىلەن كۆڭۈل بۆلۈنگۈچىلەردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە قارىتىلغان. ئۇنىڭ بىرى، جەمئىيەتكە، جامائەتكە، ھەرىكەت ۋە ئەمگەك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان كىشىلەرگە قارىتىلغان. بۇ چاقىرىق، ئۇلاردىن ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن مېھىر ـ مەجرۇھ، مىسكىن، ئاجىز كىشىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈش، ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىش، ئۇلارغا ياخشى ئىنسانىي مۇھەببەت، ئىجتىمائىي باراۋەرلىكنى يارىتىپ بېرىش، ئۇلارنى زەررىچە بولسىمۇ كەمسىتمەسلىكنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ، مېھىر ـ مەجرۇھلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتەك ئومۇمىي ئىسلامىي چاقىرىقنىڭ ئاساسىي نۇقتىسى ۋە يادروسى. يەنە بىرى، مېھىر ـ مەجرۇھ، ئاجىز كىشىلەرگە يەنى كۆڭۈل بۆلۈنگۈچىلەرگە قارىتىلغان. ئۇلار بۇ بەختسىزلىككە نىسبەتەن رېئاللىققا توغرا قاراپ، چىدام ـ غەيرەت كۆرسىتىشى، ئاللاھنىڭ پەزلى ـ كەرەملىرىنى تىلەپ، ئاللاھنىڭ **"سەۋر قىلغۇچىلار مەن بىلەن بىرگە"** دېگەن ئىلاھىي ۋەھيىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ **"دۇنيادا ئىنسانغا سەۋردىن ئارتۇق نېمەت بېرىلگىنى يوق"** دېگەن ھېكمەتلىك تەلىمىنىڭ روھى بويىچە، سەۋر قىلىپ ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى ساقلاپ، يۈكسەك ئىنسانىي ۋە ئىسلامىي ئەدەپ ـ ئەخلاق پەزىلىتىنى جارى قىلىپ، روھىي تەنھالىق ئىچىگە كىرىۋالماي، تۇرمۇشقا باتۇرلۇق بىلەن يۈزلىنىپ، ساغلام ئىمان ـ ئېتىقاد، ئاللاھنىڭ مەغپىرىتىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتماي، ئۈمىدۋارلىق بىلەن تۇرمۇشتىن شادلىق تېپىشقا تىرىشىشى لازىم، ئۇلار شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىشى كېرەككى، ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئۈمىد، ئىشەنچ، سەۋر ـ قانائەت، چىدام ـ غەيرەتنىڭ ئەجرى مۇكاپاتى چوڭ، "سەۋر ۋە ئۈمىد"دىن ئىبارەت بۇ ئىشلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىكى مەرغۇپ ئىشلاردۇر.

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ رىۋايەت قىلىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم دەيدۇ: **"ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: بەندەمنى ئىككى كۆزىدىن ئايرىسام، ئۇ، ئۇنىڭغا سەۋر قىلسا، ئىككى كۆزىنىڭ بەدىلىگە ئۇنىڭغا جەننەت ئاتا قىلىمەن"**(بۇخارى توپلىغان).

قۇرئان كەرىمدە زىكرى قىلىنىشىچە، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن چوڭ سىناقتا، يەنى ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ، ئون نەچچە يىل ئازاب ـ ئوقۇبەت ئىچىدە قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇ، ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ئۆمۈر بويى بەرگەن نېمەتلىرى، قىلغان بىھېساب رەھمەتلىرىنى ئەسلەپ، ئاللاھقا چەكسىز سادىق بولۇپ، قىلچىمۇ مەيۈسلەنمەي، ئىزچىل ئىبادەت قىلغان. ئۇ، ئۆزىنىڭ مۇنداق چىدام ـ غەيرىتى بىلەن سەۋر تاقەتنىڭ ئۈلگىسى، چىداملىق ئىنسانلارنىڭ پارلاق مىسالى بولۇپ قالغان. قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېيىلىدۇ:

**بىز ئەييۇبنى ھەقىقەتەن سەۋرچان بايقىدۇق، ئۇ نېمە دېگەن ئوبدان بەندە! ھەقىقەتەن ئۇ (ئاللاغا) تەۋبە بىلەن يۈزلەنگۈچىدۇر.**

—— سۈرە«ساد»(38 ـ سۈرە)، 44 ـ ئايەت

يەنە قۇرئان كەرىمدە زىكرى قىلىنىشىچە، ياقۇپ ئەلەيھىسسالام ئوغلى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوت پىراقىدا قېلىپ، **"قايغۇدىن (كۆپ يىغلاپ) ئىككى كۆزى ئاقىرىپ كەتتى(يەنى ئىككى كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالدى)"**.

—— سۈرە «يۇسۇف»(12 ـ سۈرە)، 84 ـ ئايەت

ئۇ، شۇنداق ئېغىر ئەھۋالدىمۇ ھەرگىز

ئۈمىدسىزلەنمەي، ئاللاھنىڭ ئۇلارنى يەنە دىدارلاشتۇرىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن ھالدا ئىبادەتتىن قىلچىمۇ تەۋرەنمىگەن، ھەرگىز زارلانمىغان، پەيغەمبەرلىك سۈپىتىنى ساقلاپ قالغان.

ئۈمىد — ئىنسان قەلبىدىكى ئاللاھنىڭ رەھمەتلىرىنىڭ نۇرى، ئىنسان ئۈچۈن ئاللاھنىڭ رەھمانلىقى بىلەن شەيتان ۋەسۋەسىسىنى ئايرىيدىغان پاسىل سىزىق؛ ئۈمىد — بىپايان غەم-قايغۇ دېڭىزىدىكى ھەيۋەتلىك كېمە؛ ئاللاھقا ئىشىنىش — روھىي ھاياتنىڭ تۇتقۇسى، كۆڭۈل ئاراملىقى ۋە بارلىق بەخت-سائادەتنىڭ تەبىئىي مەنبەسى. ئۈمىدلا بولىدىكەن، چىقىش يولى بولىدۇ. ئۈمىد كىشىنى پارلاق مەنزىلنىڭ باغۇ بوستانلىق مەنزىرىسىدىن ھوزۇرلاندۇرسا، ئۈمىدسىزلىكتىن ئىبارەت شەيتان ۋەسۋەسىسى كىشىنى جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن تېزلا ھالاك قىلىدۇ. نورمال، ساغلام ئاڭنى ساقلاپ كەلگەن كىشىلەر ئاللاھنىڭ رەھمەتلىرىدىن ئۈمىدۋار بولۇپ، شەيتان ۋەسۋەسىسىدىن پاناھ تىلەيدۇ، ئۇنىڭدىن يىراقلىشىدۇ. مانا بۇ، ئىنسان روھىيىتىدىكى ئەڭ چوڭ بايلىق.

كىشىلىك دۇنياسى — ھاياتىي ئالەم تۈرلۈك ئىبرەت ۋە ھېكمەت بىلەن تولغان؛ باي-باياشاتلىققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، يوقسۇزلۇق، كەمبەغەللىكمۇ بىر ئىبرەت؛ ساق-سالامەتلىك، بېجىرىم قەددى-قامەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندا، جىسمانىي كەمتۈكلۈك، مېيىپ-مەجرۇھلۇقنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىبرەت؛ ساق-سالامەتلىك، ساغلاملىققا نىسبەتەن ئېيتقاندا، كېسەللىك ۋە ئاغرىق-سىلاقنىڭ ئۆزىمۇ بىر ئىبرەت؛ ھاياتلىق-تىرىكلىككە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ئۆلۈم ۋە ئاخىرەتنىڭ ئۆزى "پىكىر ئىگىلىرى"، "ھەقنى چۈشەنگۈچىلەر"، "ھېكمەتنى بىلىدىغان قەۋم ئۈچۈن"، "ساغلام ئەقىل ئىگىلىرى" ئۈچۈن ئىبرەت ۋە كۈچلۈك سېلىشتۇرما. ئاللاھ بەرگەن ساغلام، بېجىرىم تەن، ئاللاھ بەرگەن ھالال رىزىق، مال-دۇنيا قاتارلىقلار ھەر بىر كىشى چوڭقۇر تەپەككۇر بىلەن شۈكرى ئېيتىشقا تېگىشلىك بىر نېمەت ۋە ئاللاھ بەرگەن ئامانەت. ئەينى چاغلاردىكى بۇخارا ۋە قەشقەردىكى مەدرىسلەردە ئوقۇش ئۈچۈن دائىملىق دەرسلىك قاتارىغا كىرگۈزۈلۈپ، پارس تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى ئۆگىنىشتىكى دەرسلىك قىلىنغان پارس شائىرى شەيخ سەئدىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق ئەخلاق ئوقۇشلۇقىنىڭ «3-باب» "قانائەت قىلىشنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا" ماۋزۇ ئاستىدىكى 19-ھېكايەتتە مۇنداق دېيىلگەن: "ئۆتۈپ بېرىۋاتقان زاماندىن ھەرگىز زارلانمىغان ئىدىم، پەلەكنىڭ گەردىشىدىن يۈزۈمنى پۈرۈشتۈرمىگەن ئىدىم. پەقەت بىر چاغلاردا يالاڭئاياغ قالدىم. كېيىش سېتىۋېلىشقا پۇلۇم يوق ئىدى. غەمكىن بولۇپ، كۇفە جامەسىگە كىردىم. ئۇ يەردە بىر ئادەمنى كۆردۈمكى، ئۇنىڭ پۇتى يوق ئىدى. ھەقتائالانىڭ نېمىتىگە شۈكرى قىلدىمكى، كېيىشىم يوقلىقىغا سەۋرى قىلدىم".

مېيىپ-مەجرۇھ ئاتالغان بۇ كىشىلەر توپىنىڭ ئەقىل-ئىدراك، قابىلىيەت-ماھارەتلىرىگىمۇ سەل قاراشقا بولمايدۇ. تارىختىن قارايدىغان بولساق، مۇسۇلمانلار ئاممىسى ئىچىدىكى مۆنەۋۋەر قارىي قۇرئانلار، ئۆلىما-مۇدەررىسلەر، ھەدىسشۇناسلار، ئالىم-كەشپىياتچىلار، داھىيلار ۋە جامائەت ئەربابلىرىنىڭ بىر قىسمىلىرى مېيىپ-مەجرۇھ، جىسمانىي جەھەتتىن كەمتۈك كىشىلەر ئىدى. ئەقلى-ھوشى ساغلام بۇ كىشىلەر قەتئىي ئېتىقاد، تەۋرەنمەس ئىرادە بىلەن ھاياتىي دۇنيادا ئۆز ئىمكانىيەتلىرىگە كۆرە تىرىشىپ-تىرمىشىپ، جاپا-مۇشەققەت، ئازاب-كۈلپەت ئىچىدە ئەقىل-پاراسەتلىرىنى جارى قىلىپ، كىشىلەرنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان نۇرغۇن تۆھپە-نەتىجىلەرنى ياراتقان. ئۇلار جىسمانىي مېيىپ بولۇپ، تەن دۇرۇس بولالمىسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ ئەقىدە-ئېتىقاد، ئىخلاس-مۇھەببەت، روھىي جەھەتتىن ئىنسانىي قەلب، مەنىۋى دۇنيا جەھەتتىن مېيىپ-مەجرۇھ ئەمەسلىكىنى ئىپادىلىگەن. مۇنداق كامىل ئەقىل، يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە كىشىلەر "روھى ساغلاملىق"نىڭ خاسىيەتلىك مىساللىرى.

ئۇلۇغ قۇرئان كەرىمدىكى ئىلاھىي پەرمان، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرى ھەمدە بارلىق مۇسۇلمان جامائەتنىڭ ئۇلۇغ ئىنسانپەرۋەرلىك ھەرىكەتلىرىدىن پىكىر قىلىش، تەھلىل-تەتقىق قىلىش ئارقىلىق جەمئىيەتنىڭ مېيىپ-مەجرۇھلارغا نىسبەتەن غەمخورلۇق قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشىنىڭ

زامانىمىزدىكى جەۋھەرلىرىنى ئايرىپ ئېلىشقا بولىدۇ. ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى: مېيىپ ـ مەجرۇھ كىشىلەرگە نىسبەتەن، ئۇلارنىڭ مىللەت، دىن، ئىرق ۋە باشقا سالاھىيەتلىرىگە قارىماي، ئۇلارنى پۈتكۈل جەمئىيەت ھىمايىسىگە ئېلىشى، ھەر خىل ئىمكانىيەت بويىچە ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى داۋالاپ ساقايتىشقا، ساغلاملىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە مۇمكىن بولىدىغانلىرىنى قۇتقۇزۇۋېلىشى لازىم. ئەمەلىي رېئاللىقتىن قارىغاندا، سانى ئۇزلۇكسىز ئېشىپ بېرىۋاتقان، بولۇپمۇ چەت ـ يىراق يېزا ـ قىشلاقلاردىكى نۇرغۇن مېيىپ ـ مەجرۇھلار مۇنداق غەمخورلۇقتىن تولۇق بەھرىمەن بولالماي، داۋالىنىش ۋە كۈتۈنۈشتىن يىراق تۇرماقتا. گەرچە دۆلەت تەرىپىدىن نۇرغۇن ئورگان ـ مۇئەسسەسەلەر قۇرۇلۇپ، ھەر خىل خەلق تەشكىلاتلىرى، خەير ـ ئېھسان قىلغۇچىلار كۆپچىلىكى قىزغىن ياردەمدە بولۇپ نۇرغۇن قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىنى قىلىۋاتقان بولسىمۇ، يالغۇز دۆلەتنىڭ كۈچىگىلا تايىنىش بىلەنلا بۇ مەسىلىنى ھەل قىلغىلى بولمايدۇ. بۇنىڭغا پۈتكۈل جامائەت، ھەربىر جەمئىيەت ئەزاسى تەڭ ھەرىكەتلىنىپ، ئورتاق كۈچ چىقىرىشى كېرەك.

ئىككىنچى، مېيىپ ـ مەجرۇھلارغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە غەمخورلۇق قىلىشتا، مېيىپ ـ مەجرۇھلارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە ئالاھىدە كۈچ سەرپ قىلىش، ئۇلارنى مەخسۇس مەكتەپلەردە ئوقۇتۇپ، كەسىپ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزى ئۈچۈن چىقىش يولى ئىزدەش، ئۆزىنى ـ ئۆزى قۇدرەت تاپقۇزۇش، تەرەققىي قىلدۇرۇشقا ئىمكان بېرىش كېرەك يەنى مېيىپ ـ مەجرۇھ كىشىلەرنى تەلىم ـ تەربىيە ئېلىش، مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇشتەك ئىنسان ھەقلىرىدىن پايدىلاندۇرۇش كېرەك.

ئۈچىنچى، مېيىپ ـ مەجرۇھلارغا غەمخورلۇق قىلىش ۋە كۆڭۈل بۆلۈشتە ئۇلارنىڭ جىسمانىي ۋە ئەقلىي ئىقتىدارىغا لايىق خىزمەت، ئىش ئورنى تېپىشىغا ياردەمدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ـ ئۆزى قۇتقۇزۇش، ئۆز قابىلىيەتلىرىنى جارى قىلدۇرىدىغان ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، تۆھپە يارىتىشىغا ياردەملىشىش لازىم.

تۆتىنچى، مېيىپ ـ مەجرۇھلارغا غەمخورلۇق قىلىش ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشتە ئۇلارنىڭ تۇرمۇش، نىكاھ ـ ئائىلە مەسىلىلىرىنى مۇۋاپىق ھەمدە كۆڭۈل ئازادىلىكى بولغان ھالدا ھەل قىلىشىغا، بەختلىك ئائىلە قۇرۇشىغا قىزغىن ياردەم بېرىش كېرەك.

مېيىپ ـ مەجرۇھلار مەسىلىسى جەمئىيەتتىكى نۇرغۇن ئىجتىمائىي مەسىلىلەر ئىچىدە ئەڭ نازۇك ۋە كۆپ قاتلام، كۆپ تەرەپلىمىلىك ئىجتىمائىي، ئەخلاقىي، ئىقتىسادىي ۋە ئېتىقادىي مەسىلىلەرنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن كەڭ جەمئىيەت ۋە جامائەتنىڭ دىققەت نەزىرىدە تۇرۇپ كەلمەكتە. مېيىپ ـ مەجرۇھلار مەسىلىسىنىڭ مۇۋاپىق ھەل قىلىنىشى، ئۇلارغا غەمخورلۇق ۋە ياردەمنىڭ جارى قىلىنىشى شۇ جەمئىيەتنىڭ ساپاسى، مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان، بىر شەخسكە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ، ئۇنىڭ ئەخلاقى پەزىلىتى، بىلىم قۇرۇلمىسى ۋە ساپاسىنى كۆرسىتىدىغان مەسىلە بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ئىناق، ئىتتىپاق ۋە مەدەنىيلىك سەۋىيىسىنىڭ مىزانى. بولۇپمۇ قۇرئان كەرىمدىكى ئاللاھنىڭ ئىلاھىي ۋەھيىسى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇبارەك سۈننەتلىرى، ھەدىسلىرىدە كۆپ قېتىم توختالغان، كۈچلۈك چاقىرىق قىلىنغان ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەم، غەمخورلۇق تەلەپ قىلىدىغان ئېتىقاد، ئەخلاق، ئىنسانپەرۋەرلىك مەسىلىسى، بىر مۆمىننىڭ مۆمىنلىك سۈپىتىنىڭ ئۆلچىمى.

ئاللاھ بىزنى ئاللاھنىڭ چاقىرىقى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ روھى بويىچە يېتىم ـ ئاجىز، مىسكىن، مېيىپ ـ مەجرۇھلارغا غەمخورلۇق قىلىشتەك پەزىلەت ئارقىلىق، يېتىم ـ ئاجىز، مىسكىن، مېيىپ ـ مەجرۇھلارغا غەمخورلۇق قىلغان ئىنسانپەرۋەر كىشىلەر مۇشەررەپ بولىدىغان ئىككى ئالەملىك بەختتىن بەھرىمەن بولۇشنى قولغا كەلتۈرۈشكە نېسىپ قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# شەرم- هايا ۋە نومۇسچانلىق توغرىسىدا

مۇختەر ياقۇپ

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۆز ۋاقتىدا: ”ئىمان ئاتمىش نەچچە شاخچىدىن تەركىب تاپقان، ھايامۇ ئىماننىڭ بىر شاخچىسى“. ”ئاللاھتىن ھەقىقىي رەۋىشتە ھايا قىلىش دېگەنلىك بەدەندىكى پۈتۈن ئەزالىرىنى گۇناھتىن ساقلاش، ئۆلۈمنى ۋە ئۆلگەندىن كېيىنكى چىرىشنى ياد ئېتىش دېگەنلىكتۇر؛ ئادەم بالىلىرىنىڭ تېنىدە تۆت جەۋھەر بار. بۇلار: ئەقىل، دىن، ھايا، ياخشى ئەمەل؛ بۇ تۆت جەۋھەرنى يوقىتىدىغان تۆت نەرسە بار: غەزەپ ئەقىلنى يوق قىلىدۇ؛ ھەسەت دىننى يوق قىلىدۇ؛ تاماخورلۇق ھايانى يوق قىلىدۇ؛ غەيۋەت ياخشى ئەمەلنى يوق قىلىدۇ“ دېگەنىدى.

شەرم-ھايا سەت ئىشلاردىن ساقلىنىشقا، ھەقدارنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىشقا تۈرتكە بولىدىغان بىر خىل گۈزەل ئەخلاق، ئۇ ئىماننىڭ باشقا مەزمۇنلىرىنى ئورۇنلاشقا سەۋەب بولىدۇ. ھايا كىشىدە دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە رەسۋا بولۇپ قالارمەنمۇ دېگەن غەم-ئەندىشە قورقۇنچىنى پەيدا قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن كىشى ناچار ئىشلاردىن ساقلىنىدۇ، ياخشى ئىش قىلىدۇ. شەرم-ھايا ئىنسان ئۈچۈن بەك مۇھىم بولغاچقا ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىزگە ”ھاياسىزدا ئىمان يوق“ دېگەن ئۇلۇغ ھېكمەتنى قالدۇرغان.

شەرم-ھايا ۋە نومۇس ئېسىل گۈزەللىك، ئۇ ئىنسان ئەقلىنىڭ ئۇل تېمى؛ ئىماننىڭ پوستى شەرم- ھايا ۋە نومۇستۇر. پوستى سويۇۋېتىلگەن دەرەخ قۇرۇپ كەتكەندەك، شەرم-ھايا ۋە نومۇستىن ئايرىلغان ئىنسانمۇ ئىماندىن ئاجراپ ھالاك بولىدۇ. ۋىجدان بولسا ئىچكى نومۇستۇر. شەرم-ھايا ۋە نومۇس ئىنساننىڭ سىرتىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان ۋىجداندۇر.

ھەقىقىي ھايا ۋە نومۇس كۆپچىلىك ئۈچۈن مەنپەئەتلىك ئىشقا ھەر قانداق ۋەزىيەتتە جۈرئەت قىلىشنى بىلىشتۇر. نومۇس، ھايا ئېگىسى ئىنساننى جازا ھەققىدىكى ھەر قانداق ۋەز-نەسىھەت، كىتابلاردىنمۇ بەكراق توغرا يولغا سالىدۇ. شۇڭا قەدىمكىلەر: ” خۇدانى ئۇلۇغلاش، ئىنساندىن ھايا قىلىش“ دېگەن نەسىھەتنى قالدۇرغان.

ئىنسانىيەت ئۇلۇغ ئاللاھ تائالانىڭ چەكسىز رەھمىتى بىلەن يارىتىلدى. مېھرىبان ئاللاھ ئىنسانغا شەرم-ھايا ۋە نومۇسنى ئاتا قىلدى ھەم پەيغەمبەرلىرى ئارقىلىق ئۆگەتتى. ئىنسانغا گۈزەل لىباسلار ئارقىلىق كىيىنىشنى بىلدۈردى. شۇڭا ئىنسان ئۆزىنى قەدىرلەپ ئەۋرەتلىرىنى يوشۇردى، يۆگىدى. بۇ چەكسىز رەھمەت ھەم چوڭقۇر ھېكمەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇلۇغ نېمەت ئىدى.

ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىدە ئۆزىنىڭ كەمچىلىك، مۇكەممەلسىزلىكىنى ھېس قىلىش ئىقتىدارى مەۋجۇت. شۇ سەۋەبتىن بولسا كېرەك، ئاللاھ تائالا ئىنسانلارغا ئۇيۇاتنى، يەنى ئۆز كەمچىلىكلىرى ۋە مۇكەممەلسىزلىكلىرىدىن، ئاجىزلىقىدىن ئۇيۇلۇش تۇيغۇسىنى ئاتا قىلغان. شۇڭا قانۇن تەقىب قىلالمىغان نەرسىلەرنى گاھىدا ھايا ۋە نومۇس تەقىب قىلالايدۇ.

ئىنسان ئۆزىدىن خۇددى باشقا ئادەملەردىن ھايا قىلغاندەك، ئۇيالغاندەك ئۇيۇلۇشى ۋە يالغۇز ئۆزىلا بىلىپ تۇرۇپمۇ باشقىلارنىڭ بىلىش-بىلمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر يامان ئىشتىن جەزمەن ئۆزىنى تارتىشى كېرەك. ھەممىدىن كۆرە ياراتقان ئاللاھتىن ۋە ئىنسانىي ۋىجداندىن نومۇس قىلىشى لازىم. بىر ئادەمنىڭ مەنىۋى كامالىتىنىڭ قايسى پەللىگە

كۆتۈرۈلگىنىنى ئۇنىڭ نىمىدىن نومۇس قىلىش ۋە نومۇس قىلماسلىقى ئەڭ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەدەپ ـ ئەخلاقنى نومۇستىن، نومۇسنى بولسا ئەدەپ ـ ئەخلاقتىن ئاجراتقىلى بولمايدۇ. ئەگەردە ئۇمۇ، بۇمۇ يىمىرىلىشكە باشلىسا بارلىق كۆركەم بىنا يىقىلىدۇ، قەدىرسىز بولىدۇ ۋە نەپرەتتىن باشقا ھېچبىر تۇيغۇ ئويغاتمايدۇ. شۇڭا ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ئەلشىر نەۋائي:

ھاياسىزدا ۋاپا يوق،

ۋاپاسىزدا ھايا يوق.

دېگەن.

ئەجدادلىرىمىزمۇ ''ھايالىق كىشى باھالىق كىشى'' دېگەن ئۇلۇغ ھېكمەتنى قالدۇرغان.

ھايا ۋاپادارلىقنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ۋاپادارلىقنى پەقەت شەرم ـ ھايالىق كىشىلەردىنلا كۈتۈش مۇمكىن. پەقەت شەرم ـ ھايالىق كىشىلەرلا ۋاپادار، ۋىجدانلىق كېلىدۇ.

شەرم ـ ھايا بىلەن مېھىر ـ مۇھەببەت بىر ۋاراق قەغەزنىڭ ئىككى يۈزىگە ئوخشايدۇ. پەقەت بىرلا يۈزى بار قەغەزنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمىغىنىدەك، شەرم ـ ھاياسىز مېھىر ـ مۇھەببەتنى، مېھىر ـ مۇھەببەتسىز شەرم ـ ھايانى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەت شەرم ـ ھايا دەرىخىنىڭ رەڭدار چاقناپ تۇرىدىغان خۇشبۇي، كىشىنىڭ ئەقلىنى لال قىلىدىغان شىرىن مېۋىسىدۇر.

ئادەملەرنىڭ ئەڭ رەزىل پەسكىشى نومۇس، ھايا ئېڭى يوق كىشىلەردۇر. مۇشۇنداق كىشىلەرگە نەپرەتلىنىش كېرەك. كىمكى شەرم ـ ھايا ھەم نومۇسنى يوقاتسا ئۇنى ئۆلگەن دەپ ھېسابلاش كېرەك. قورقۇنچاق، ھاياسىنى يوقاتقان ئادەم ھەر قانداق پەسكەشلىككىمۇ رازى بولۇشى مۇمكىن. ئىنساننىڭ بىر كەتكەن ئۈيات ـ نومۇسى قايتىپ كەلمەيدۇ. شۇڭا ھەر كىم ئۆزىنىڭ ھايا ـ نومۇسىنى جاندىن ئەزىز بىلىپ قوغدىشى لازىم.

شائىر تاگور: ''گۈزەل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى رەڭدار بولىدۇ'' دېگەنىدى. دۇنيادا قايسى رەڭ ئەڭ گۈزەل، ئەڭ رەڭدار دېسە، نومۇسچانلىقنى بىلدۈرىدىغان رەڭ ئەڭ گۈزەل دەپ جاۋاب بېرىش لازىم. ئادەم خىجىل بولغاندا، ھايا قىلغاندا، نومۇس قىلغاندا تەنلىرى تىترەپ يۈزى قىزىرىدۇ. مانا مۇشۇ چاغدىكى قىزارغان، ئوت ئالغان يۈزنىڭ رەڭگى ئەڭ گۈزەلدۇر.

ھايا ۋە نومۇسچانلىق مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئۇلۇغ رەھمىتى شۇنداقلا ئاتىنىڭ، تەربىيىنىڭ، مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ مەھسۇلى. ھەر قانداق ھايۋان ھەتتا ئەڭ ئەقىللىق ھېسابلىنىدىغان مايمۇن شىمپەنزىمۇ نومۇس قىلىشنى مۇتلەق بىلمەيدۇ. شەرم ـ ھايا ھەم نومۇس ئېڭى پۈتكۈل گۈزەل ئەخلاقنىڭ يۈرىكى ھەم يىلتىزى.

مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىلھامى ھەم پەيغەمبەرلەرنىڭ كۈچلۈك تەربىيىسى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆزىنى سۆيۈش، ئۆزىنى قەدىرلەش ئېڭىنى پەيدا قىلدى ھەم كۈچەيتتى ۋە ئوڭايسىزلىنىدىغان، خىجىل بولىدىغان پىسخىك ئالامەتلەر ئىنسانلاردا پەيدا بولدى ھەم كۈچەيدى. شۇنىڭ بىلەن نومۇس تۇيغۇسى كىشىلەرنىڭ چېھرىدە جىلۋە قىلىدىغان بولدى.

شەرم ـ ھايا ھەم نومۇس تۇيغۇسى ئىنسانلاردىكى ئەڭ ساپ، ئەڭ تەبىئىي بولغان ھېسسىي ھادىسە. ئۇ ئەڭ ئالىي دەرىجىدىكى ئەخلاق ئۇستازى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قۇلاقنىڭ قىزىرىشى، كۆزنىڭ ھەرىكىتى كىشىنىڭ چېھرىدە گەۋدىلەنگەن نومۇس تۇيغۇسىنى چەكسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە قىلىدۇ. نومۇس تۇيغۇسى بولماي تۇرۇپ نومۇسچان يۈز بولمايدۇ. نومۇس تۇيغۇسى ئىنسانلارغا خاس ئالاھىدىلىك. نومۇس تۇيغۇسى ئەرلەردىمۇ، ئاياللاردىمۇ بولىدۇ ھەم جەزمەن بولۇشى كېرەك.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئەڭ ھايالىق ئىدى. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى كۆرمەسكە سالاتتى. ئەبۇ سەئىد خۇدرى ئىسىملىك ساھابە: ''رەسۇلۇللاھ يۈزى ئېچىلمىغان قىزدىنمۇ ھايالىق ئىدى. ئۇنىڭ بىرەر ئىشنى ياقتۇرمىغانلىقىنى چىرايىدىن بىلگىلى بولاتتى، ئۇنىڭ ئۆڭكى سۈزۈك ۋە نېپىز ئىدى. رەسۇلۇللاھ ئالىيجاناب، ھايالىق بولغانلىقتىن كىشىلەر ياقتۇرمايدىغان ئىشنى ئۇلارغا يۈزمۇيۈز تۇرۇپ ئېيتمايتتى'' دېگەن. مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا: ''رەسۇلۇللاھ باشقىلارنىڭ بىرەر يامان

كېيىنى ئاڭلىسا، پالانى مۇنداق قىپتۇ دەپ ئېيتىنى ئاتىماي، مۇنداق قىلغانلار بار ئىكەن دەپ شۇ ئىشنى چەكلەيتتى" دېگەن. ئائىشە ئانىمىز يەنە: "پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئەدەپ-ئەخلاقتا يات سۆز-ھەرىكەتلەردىن يىراق ئىدى. بازارلاردا سۈرەن سالمايتتى، يامانلىققا يامانلىق قىلمايتتى، يامانلىق قىلغانلارنى كەچۈرەتتى" دېگەن.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام زىيادە ھايالىق، يۈزى نېپىز، نومۇسچان كىشى بولغاچقا ئاياللار تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان سوئاللارغا تولۇق، ئوچۇق يورۇقلۇق بىلەن جاۋاب بېرەلمەي، بەزىدە دارتىملاپ كىنايە بىلەن جاۋاب بېرەتتى.

تارىختىن بۇيان چېھرىدىن نومۇس تۇيغۇسى چىقىپ تۇرىدىغان ئەر-ئاياللار ئىزچىل ھۆرمەتلىنىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھۆرمەتلىنىدۇ ھەم جەزمەن ھۆرمەتلىنىشى كېرەك.

قىز-ئاياللار ئۈچۈنمۇ شەرم-ھايا ۋە نومۇس تۇيغۇسى ھاياتلىق دېمەكتۇر، ھەتتا ھاياتتىنمۇ قىممەتلىكتۇر. نومۇسنى ساتقان ئادەم بېيىمايدۇ. شەرم-ھايا، نومۇسنى قوغداش ئۈچۈن جاننى قۇربان قىلىشقا بولىدۇ(خۇددى دىيارىمىزدىكى قەھرىمان قىز نۇزۇگۇم ھەم يەتتە قىزلىرىمىزدەك)، ئەمما جاننى ساقلاش ئۈچۈن شەرم-ھايا ۋە نومۇسنى قۇربان قىلىشقا بولمايدۇ.

ئىمان ئىسلامنىڭ زىيانىغا ئۇچراپ كۇفرى ھەم جاھالەتنىڭ تارىلىشى بىر مۇنچە كىشىلىرىمىزدىكى شەرم-ھايا ۋە نومۇس تۇيغۇسىنى يوقىتىۋەتتى، ئۇلاردا پەردىشەپ يوقالدى، ئۆزئارا ھۆرمەت، سۆيۈش، ئاسراش يوقالدى. نەتىجىدە ۋەتەندە بىر توپ ۋىجدانسىزلار، نەپسانىيەتچى ھاياسىزلار كۆپەيدى؛ جاسارەت، ھاياسىزلىققا قارشى غەزەپ-نەپرەت تۇيغۇسى كۆپلىگەن ئەر-ئايال بەندىلەرنىڭ قەلبىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

پەرۋەردىگارىمىز قۇرئان كەرىمدە بىزنىڭ ۋەزىپىمىزنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېگەن:

(ئى مۇھەممەد ئۈممىتى!) سىلەر ئىنسانلار مەنپەئەتى ئۈچۈن ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ياخشىلىققا بۇيرۇپ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئاللاھقا ئىمان ئېيتىدىغان ئەڭ ياخشى ئۈممەتسىلەر.

— سۈرە «ئال ئىمران» (3 ـ سۈرە)، 110 ـ ئايەت.

پەيغەمبىرىمىز: "سىلەردىن كىمكى بىرەر يامان ئىشنى كۆرسە ئۇنى ھەرىكىتى ئارقىلىق توسسۇن، مۇنداق قىلىشقا قادىر بولالمىسا سۆزى ئارقىلىق توسسۇن، بۇنىڭغىمۇ قادىر بولالمىسا ئۇنىڭغا دىلىدا نارازى بولسۇن، بۇ (يەنى دىلىدا نارازى بولۇش) ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر" دېگەن (مۇسلىم توپلىغان).

پەيغەمبىرىمىز يەنە: "مېنىڭ ئۈممىتىمگە دۇنيا چوڭ بىلىنگەن چاغدا بۇ ئۈممەتتىن ئىسلامنىڭ ھەيۋىتى كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ. ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ يامان ئىشتىن توسۇش تاشلانغان چاغدا ۋەھيىنىڭ بەرىكىتى توختايدۇ" دېگەن (بۇخارى توپلىغان)(بەرىكىتى توختايدۇ دېگەنلىك ۋەھيىنىڭ خاسىيىتى، ئۇلۇغلۇقى جارى بولمايدۇ... دېگەنلىكتۇر).

ئىماندىن نومۇس، ھايا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن ۋىجدان، قەھرىمانلىق پەيدا بولىدۇ.

ئاتا-ئانا بالىدىن ھايا قىلمىغان، بالا ئاتا-ئانىدىن ھايا قىلماي ۋەقە تېرىغان ياكى باقىنىغا تويغۇزغان، ئەر-ئاياللار بىر سورۇندا بىر-بىرىگە قاراپ ئولتۇرۇپ، "زامانىۋىلىق"، "كەڭ قورساقلىق" نىقابىدا تۈرلۈك ئىشلارنى قىلغان، سورۇنلاردا ھاياسىزلارچە بەدىنى كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان يېرىم يالىڭاچ كىيىملەرنى كىيىپ، بەدىنىنىڭ نازۇك زىننەتلىرىنى ئېنىق ئاشكارىلاپ ئەرلەرنىڭ ھەۋىسىنى كەلتۈرۈپ ئازدۇرغان، ئۆزلىرىنىڭ شەرم-ھاياسىنى، نومۇسىنى ئاياغ-ئاستى قىلغان، كىچىك-كىچىك قىزلار ئىمان-ئىسلامدىن خەۋەرسىز قالغانلىقتىن ۋە باشقا سەۋەبلەردىن دەللاللارنىڭ قولىغا چۈشۈپ ئاياغ-ئاستى قىلىنىۋاتقان... ئەھۋاللارنى كۆرگىنىمىزدە ئىچىمىز ئېچىشىدۇ. دەللاللىقنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدىغان بۇ قەۋم ئىچىدە كۆپلىگەن دەللاللارنىڭ پەيدا بولۇشى ئادەمنى تېخىمۇ ئازابلايدۇ، يۈرەك ئېزىلىدۇ، كۆزدىن ياش قويۇلىدۇ.

ئىنساندا نومۇس، ھايا يوقالسا ئىنسان پەسكەشلىشىپ، ھەتتا ھايۋاندىنمۇ بەتتەرلىشىپ كېتىدۇ. بىزدىكى "يۈزى قىزاردى"، "قولىنىڭ ئۇچىغىچە قىزىرىپ كەتتى" دېگەن سۆزلەر ئىنساننىڭ نومۇس تۇيغۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. نومۇستىن قىزارغىنى ئايالنىڭ يۈزى بولۇپلا

قالماستىن يەنە ئىمانلىق، ۋىجدانلىق ئەر كىشىنىڭمۇ يۈزىدۇر.

نومۇسچانلىق مۇھەببەتنىڭ جۇلاسى. بىر ئەدىب: ”قىزنىڭ قىزىرىشى يېرىم نومۇستىن دېرەك بېرىدۇ، قىزنىڭ يۈزىدىكى قىزىللىق كەڭ كەتكەن گۈلزارلىقنى ئەسلىتىدۇ“ دېگەن. نومۇسچانلىق گۈڭگا، لېكىن ئۇنىڭ سېھرىي كۈچى چەكسىز.

گەندى: ”نومۇسچانلىق تەبىئەتنىڭ بىر خىل مەخپىيىتى. ئۇ تەبىئەتنىڭ چاقىرىقىغا قوشۇلۇپ ياۋايى ئارزۇ-ئىستەكلەرنى كونترول قىلىدۇ. لېكىن مەڭگۈ ئاق كۆڭۈللۈك، ئەخلاقلىق دېگەندەك ھەرىكەتلەر بىلەن بىردەك بولىدۇ“ دېگەنىدى.

شەرم-ھايا ھەم نومۇسچانلىق خۇددى مۆمىن مۇسۇلمان ئەر-ئايالنىڭ يۈزىگە چېچىلغان نۇرغا ئوخشايدۇ. ئۇ ھەر قانداق ئىنساننىڭ ئىنسانىي قەدىر-قىممىتىنى بېيىتىپ ھۆرمىتىنى زىيادە قىلىدۇ. ئۇ يوشۇرۇن گۈزەللىك، شۇنداقلا گۈزەللىكنىڭ يوشۇرۇنۇشى. ئۇ بىر يوشۇرۇن يېقىملىقلىق، شۇنداقلا يېقىملىقلىقنىڭ يوشۇرۇنۇشى.

ئىلگىرى ئۆتكەن ئۇلۇغلار:

ئادەم بولسا ھايا بولغۇسى ئەلۋەت،

بىھايا ۋۇجۇدقا ياغسۇن مىڭ لەنەت!

دەپ بىكار ئېيتمىغان.

بىز ئۆزىمىزنى تەربىيىلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەرزەنتلىرىمىزنى كىچىك چېغىدىن باشلاپ ئىسلام ئەخلاقى بىلەن تەربىيىلەپ، ئۇلاردا نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ ناھەق؛ نېمىنىڭ گۈزەل، نېمىنىڭ رەزىل-سەت، نېمىنى قىلىش، نېمىنى قىلماسلىق ئېڭىنى پۇختا يېتىلدۈرسەك، ئىنشائاللاھ، ئۇلاردا ئىسلام دىنىغا ئۇيغۇن شەرم-ھايا، نومۇس ئېڭى يېتىلىپ، ئۇلۇغ پەرۋەردىگارىمىزنىڭ كۆتكىنىدەك شەرم-ھايالىق، نومۇسچان ئادەم بولۇپ چىقالايدۇ.

مېھرىبان ئىگىمىز ئاللاھ ھەممىيلەنگە، جۈملىدىن ئوغۇل، قىز پەرزەنتلىرىمىزگە مۇكەممەل ئىمان ھەم شەرم-ھايا، نومۇس تۇيغۇسى ئاتا قىلسۇن-ئامىن!

(ئاپتور: قاغىلىق ناھىيىسىدىن؛

تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



## ئىسلام ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات

**ئابادىلە**—— ئابدۇللاھ دېگەن ئىسىمنىڭ كۆپلۈك قوللىنىشى، بۇ يەردە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ھايات ۋاقتىدا ھەدىس، ئىسلام شەرىئىتى ۋە تەپسىرگە ئوخشاش ئىلىملەردە كامالەتكە يەتكەن ئابدۇللاھ ئىبنى ئاbbas، ئابدۇللاھ ئىبنى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب، ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير ئىبنى ئاۋۋام ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى ئامر ئىبنى ئاس ۋە ئابدۇللاھ ئىبنى مەسئۇد قاتارلىق ساھابىلەرگە قارىتا قوللىنىلغان ئاتالغۇ.

**رىيا قىلىش**—— رىيا سۆزىنىڭ لۇغەتتىكى مەنىسى ساختا، يالغان، تىلى باشقا دىلى باشقا بولماق، يالغان قىياپەتكە كىرىۋالماق، كۆز-كۆز قىلىش، ئىككى يۈزلىمىلىك قىلىش دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. ئىستىلاھى مەنىسىدە بولسا، بىراۋ ئۇچۇن ياخشى ئىش قىلغاندا، سەدىقە بەرگەندە، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى ئىزدىمەي، باشقىلارغا كۆرسىتىش ۋە كىشىلەرنىڭ ماختىشىنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىشنى ياكى ئەمەل-ئىبادەتلەرنى خالىس ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن قىلماستىن كىشىلەرنىڭ ماختىشىنى، مەدھىيىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ، كىشىلەرگە كۆز-كۆز قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ھەقتە قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: **”ماللىرىنى ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى تىلەش ۋە نەپسلىرىنى(سەدىقە- ئېھسانغا) ئادەتلەندۈرۈش يۈزىسىدىن سەرپ قىلىدىغانلار ئېگىزلىككە جايلاشقان،قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولسا مېۋىسى ئىككى ھەسسە كۆپ بولىدىغان،قاتتىق يامغۇردىن بەھرىمەن بولمىسا شەبنەم بىلەنمۇ قانىدىغان(يەنى قايسى ھالدا بولسۇن مېۋە بېرىدىغان)بىر باغقا ئوخشايدۇ (دېمەك، بۇنداق خەيرى-ساخاۋەتلىك ئادەم مېلى كۆپ بولسا كۆپكە يارىشا، ئاز بولسا ئازغا يارىشا بېرىدۇ). ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلارنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر“**[سۈرە«بەقەرە» (2-سۈرە)، 264-ئايەت].

# گۈزەل ئەخلاق ئىنسان زىننىتى

ياقۇپ ھەمدۇللا

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئەدەپ - ئەخلاق ئىنسانلارنىڭ رىئال تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي مۇناسىۋىتى، سۆز ھەرىكىتى، ئىش - ئەمىلى، دىنىي ئېتىقادى، مىللىي ئۆرپ - ئادىتى، نىيەتلىرىنى ياخشى - يامان، سەت - گۈزەللىكە ئايرىيدىغان مىزان.

ئىسلام دىنى ئىنسانلارغا گۈزەل ئەخلاقنى ئومۇملاشتۇرۇپ، گۈزەل ئەخلاقنى ئىنسانلار روھىي دۇنياسىدا يىلتىز تارتقۇزۇشنى مەقسەت قىلغان ئىلغار دىن. ھەق سۇبھانەھۇ ۋە تائالا مۇنداق تەلىم بەرگەن:

**ئەقىل ئىگىلىرىنىڭ ۋەز-نەسىھەت ئېلىشلىرى ئۈچۈن، بۇ (قۇرئان) تەبلىغدۇر (يەنى كىشىلەرگە تەبلىغ قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلىندى).**

— سۈرە «ئىبراھىم» (14 - سۈرە)، 52 - ئايەت

**پەرۋەردىگارىڭنىڭ يولىغا (يەنى ئىسلام دىنىغا) ھېكمەتلىك ئۇسلۇبتا ياخشى ۋەز-نەسىھەت بىلەن دەۋەت قىلغىن. ئۇلار (يەنى مۇخالىپەتچىلىك قىلغۇچىلار) بىلەن چىرايلىق رەۋىشتە مۇنازىرىلەشكىن. پەرۋەردىگارىڭ ھەقىقەتەن ئۇنىڭ يولىدىن ئازغانلارنى ئوبدان بىلىدۇ. ھىدايەت تاپقۇچىلارنىمۇ ئوبدان بىلىدۇ.**

— سۈرە «نەھل» (16 - سۈرە)، 125 - ئايەت

**بۇ كىتابتا ئىمان ئېيتقان قەۋم ئۈچۈن شەك-شۈبھىسىز رەھمەت ۋە ۋەز-نەسىھەت بار.**

— سۈرە «ئەنكەبۇت» (29 - سۈرە)، 51 - ئايەت

بۇ ئايەت كەرىمىلەردىكى ۋەز - تەبلىغ دېگەن سۆز نەسىھەت قىلىپ تەربىيە بېرىش، يول كۆرسىتىش دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئىنسانلارنى گۈزەل ئەخلاقلىق، ئېسىل پەزىلەتلىك، پاك - دىيانەتلىك بولۇشقا يول كۆرسىتىش، ئىسلام شەرىئەت بىلىملىرىنى چۈشەندۈرۈپ بىلىملىك، دىيانەتلىك قىلىپ تەربىيىلەشنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئىسلام دىنىدا كىشىلەرنى ياخشى ئادەم بولۇش، ياخشىلىققا چاقىرىش، يامان ئىشلاردىن مەنئى قىلىش ئاللاھ بىز مۇسۇلمانلارغا تاپشۇرغان پەرز ئەمەل، ئىلاھىي مەجبۇرىيەت.

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "مەن ھەقىقەتەن گۈزەل ئەخلاقلارنى ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن ئەۋەتىلدىم" (ئىمام مالىكنىڭ «مۇۋەتتا» توپلىمىدىن) دەپ ئۆز ۋەزىپىسى، مەسئۇلىيىتىنى روشەن تونۇپ، گۈزەل ئەخلاق توغرىسىدا بىزگە مۇنداق كۈچلۈك مەدەت ۋە قىزغىن ئىلھام بېرىدۇ: "ئىچىڭلاردىكى كىشىلەرنىڭ ياخشىلىرى ئەڭ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولغانلاردۇر". "ياخشىلىق گۈزەل ئەخلاقتۇر" (بۇخارى توپلىغان). "ئادەملەرنىڭ ياخشىسى ئادەملەرگە پايدىسى تېگىدىغانلاردۇر" («سەھىھ ھەدىسلەر»، 86 - بەت). "بەندىنىڭ ساۋاب تارازىسىدا ياخشى خۇلقتىن ئېغىرراق تۇرىدىغان ئىش يوقتۇر. ئۇنىڭ دەرىجىسى ھەتتا ناماز ۋە روزىنىڭ دەرىجىسى بىلەن باراۋەر" («سەھىھ ھەدىسلەر»، 135 - بەت).

"مۆمىنىنىڭ ئىمانى ئەڭ كامىلى ئەڭ گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىدۇر" (ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد توپلىغان).

"سىلەردىن مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، قىيامەت كۈنى ماڭا ئەڭ يېقىن ئولتۇرىدىغان كىشى ئەخلاقى ئەڭ گۈزەل كىشىدۇر" (بۇخارى توپلىغان).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ساھابىلەر: "جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەڭ ياخشى ئەمەل قايسى؟" دەپ سورىغاندا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: "ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىش ۋە گۈزەل ئەخلاق" دەپ جاۋاب بەرگەنىدى (تىرمىزى توپلىغان).

ئىسلام دىنى مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمان - ئېتىقادى، ئەقىدە - ئىخلاسى، نىيەت - ئىقبالىنى گۈزەل ئەخلاققا

بىرلەشتۈرۈپ شەرھلەيدۇ. ئادەمنىڭ دىلىنىڭ پاكلىقى، ئىماننىڭ ساپلىقى، تەقۋادار ئىخلاسمەنلىكىنى ئۇنىڭ نىيەت-ئىقبالى، سۆز-ھەرىكىتى، ئەخلاق-پەزىلىتىدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. گۈزەل ئەخلاق ئىنساننىڭ قەلب گۈلزارى. گۈزەل ئەخلاق ئىماننىڭ ئىپادىسى، بىلىم-قابىلىيەت، ئەقىل-پاراسەت، ئېسىل خىسلەت يۈكسەكلىكىنىڭ دەرىجىسى، ئىككى ئالەملىك بەخت-سائادىتىنىڭ مۇھىم سەۋەبچىسىدۇر.

**ئاخىرەتتە ھەر ئادەمنىڭ قىلغان ئەمەلىگە يارىشا دەرىجىسى بولىدۇ.**

—— سۈرە «ئەنئام» (6-سۈرە)، 133-ئايەت

**شۈبھىسىزكى، ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنىڭ گۇناھلىرىنى يوققا چىقىرىمىز. ئۇلارنى ئەلۋەتتە قىلغان ئەمەللىرىنىڭ ئەڭ ياخشىسى بىلەن مۇكاپاتلايمىز.**

—— سۈرە «ئەنكەبۇت» (29-سۈرە)، 7-ئايەت

ئىمان-ئىخلاسى كامىل مۆمىنلەر گۈزەل ئەخلاقلىق، ئېسىل پەزىلەتلىك بولىدۇ. ئۇلار ئىنسانىيەتكە، جەمئىيەتكە، تەبىئەتكە پايدىلىق ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، گۈزەللىكنى سۆيىدۇ، يامان ئىشلارنى، رەزىللىكنى چەكلەيدۇ، ئۇلارنىڭ دىلى، تىلى، ھەرىكىتى گۈزەل بولىدۇ. مۆمىن مۇسۇلمانلار ئېتىقاد-ئىمانى كۈچلۈك، ئىبادەتتە ئىخلاسمەن، تەقۋادار، ئاللاھقا ۋە پەيغەمبىرىمىزگە مۇھەببىتى چوڭقۇر كېلىدۇ، بىرسىنى ياخشى كۆرسە ئاللاھ ئۈچۈن ياخشى كۆرىدۇ، نەپرەتلەنسىمۇ ئاللاھ ئۈچۈن نەپرەتلىنىدۇ، ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن، بەرىكىتىدىن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شاپائىتىدىن ئۈمىدۋار بولىدۇ، ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى كۆزلەيدۇ. ئاللاھنىڭ رەھمىتى، نېمىتىگە شۈكرى قىلىدۇ، ھەر خىل ئىبادەتلەردە غەيرەت-جاسارەت ۋە قەتئىيلىك كۆرسىتىدۇ؛ ئاللاھنىڭ غەزىپىدىن، جازاسىدىن ھەمىشە قورقىدۇ، ئاللاھ رازىلىقى ئۈچۈن ھەر خىل مۇسىبەتلەرگە سەۋر قىلىدۇ، ھەر ئىشتا ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلىدۇ، ھەر ئىشنىڭ ئاللاھنىڭ تەقدىرىدىن بولىدىغانلىقىغا ئىمان كەلتۈرىدۇ، ئاللاھقا ھېچكىمنى، ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ، ھەر خىل ئىلىملەرنى ئىجتىھات بىلەن ئىزلىنىپ ئۆگىنىدۇ ۋە باشقىلارغا ئۆگىتىدۇ، كەمتەر، كىچىك پېئىل بولۇپ، ئىلىم ئەھلىنى، ئاتا-ئانىنى، چوڭلارنى ھۆرمەتلەيدۇ، ئاجىز-كېسەللەرنى، پېقىر-مىسكىنلەرنى يوقلايدۇ، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ياردەم قىلىدۇ، تارازادا دۇرۇس بېرىدۇ، ھالالدىن رىزىق تېپىپ، ھارامدىن يىراق تۇرىدۇ، كەيپ-ساپا قىلمايدۇ، باشقىلارنىڭ ئىززەت-غۇرۇرىنى قەدىرلەيدۇ، دىن ئەخلاقى بىلەن ياشاپ، ئىجتىمائىي تەرتىپكە رىئايە قىلىدۇ، جانىۋارلارنى، ئۆسۈملۈكلەرنى ئاسرايدۇ، بالا-چاقىلىرىنى ئۆزلىرىدەك ئەخلاقلىق تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

گۈزەل ئەخلاق، گۈزەل خۇلق ھەممە ياخشىلىقنىڭ ئانىسى. ئىززەت-ھۆرمەت ئەخلاق-پەزىلەتتىن، قەدىر-قىممەت بىلىم-قابىلىيەتتىن، شانۇ شاراپەت نەتىجە-مۇۋەپپەقىيەتتىن كېلىدۇ. ھەر كىم ئۆز ئوبرازىنى ئۆزى يارىتىدۇ. ئۆزىنىڭ تەرجىمىھالىنى ئۆزى يازىدۇ. سېنىڭ سۆز-ھەرىكىتىڭ، ئىش-ئەمەلىڭ، ئەدەپ-پەزىلىتىڭنى دوستلىرىڭ كۆرگۈ ئەينەكتە كۆزەتسە، دۈشمەنلىرىڭ لوپا ئەينەكتە كۆرىدۇ. ھەر ئادەمنىڭ ئىش-ئىزلىرى ئۆزىگە راستلىغان ئابىدىسى. ئىمانى كامىل، ئەخلاقى پازىل، ھەر ئىشتا قابىل كىشىلەر جەمئىيەت ئېتىزىغا گۈل تەرگۈچى باغۋەنلەردۇر.

جەمئىيەتتە ھازىر بىر قىسىم كىشىلەر دۇنياپەرەسلىك، پۇلپەرەسلىك، شۆھرەتپەرەسلىك ۋە راھەتپەرەسلىك پاتقىقىغا چوڭقۇر پېتىپ كېتىۋاتىدۇ. ھاياسىز، نومۇسسىز، پاھىشىۋاز، قىمارۋاز، ھاراقكەش، بەڭگىلەر كۆپىيىپ، چىرىكلىك، پارىخورلۇق، خىيانەتچىلىك، ساختىپەزلىك خۇددى يۇقۇملۇق كېسەلدەك يامراپ كېتىۋاتىدۇ. ئىمان-ئېتىقادى ئاجىز بىر قىسىم ياشلار دىنىمىزنىڭ گۈزەل ئەدەپ-ئەخلاقى، مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئۆرپ-ئادىتى، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى ئۆرنەك قىلىپ ئۆگەنمەي، چەتنىڭ چاكىنا مەدەنىيىتى، پاسكىنا ئادەتلىرىنى، جۈملىدىن ئۇلارنىڭ ھاياسىز، شەھۋانىي ئادەتلىرىنى قارىغۇلارچە دوراپ، روھىي جەھەتتىن چۈشكۈنلىشىپ، ئەخلاقى بۇلغىنىپ، ئائىلىنىڭ خاتىرجەملىكى، ئەل-

يۇرتىنىڭ ئامانلىقى، جەمئىيەتنىڭ تىنچ ـ مۇقىملىقىغا ئېغىر زىيان سېلىۋاتىدۇ. بىر يۇرتقا بالايى ـ ئاپەت، جىنايى قاباھەت ئەنە شۇنداق ئىمان ـ ئېتىقادسىز، ئەخلاقسىز، ۋىجدانسىز، ۋاپاسىز، بىلىمسىز دىلى كورلاردىن كېلىدۇ.

**ھەقىقەتەن كۆزلەرلا كور بولمايدۇ، لېكىن كۆكرەكلەردىكى قەلبلەر كور بولىدۇ (يەنى ھەقىقىي كورلۇق كۆزنىڭ كورلۇقى ئەمەس، دىلنىڭ كورلۇقىدۇر، كور ئادەم ئىبرەت ئالمايدۇ ۋە چۈشەنمەيدۇ).**

ــسۈرە«ھەج»(22 ـ سۈرە)، **46** ـ ئايەت

**”فەھىش(بۇزۇق) ئىشلار، فەھىش سۆزلەر ئىسلامدا يوق ئادەتلەر. مۆمىن كىشىنىڭ ئەۋزىلى ياخشى خۇلقلۇق بولىدۇ“(«سەھىھ ھەدىسلەر»دىن).**

**”ئاللاھ ناتوغرا يول تۇتۇپ، بىھايا سۆزلەرنى قىلغۇچى كىشىلەرنى يامان كۆرىدۇ“(«سەھىھ ھەدىسلەر»دىن).**

ياشلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشى مىللەتنىڭ ھالاكەتكە يۈزلىنىشىنىڭ بىر ئالامىتىدۇر. يامان ئادەت، ناچار ئىللەت، چاكىنا مەدەنىيەت ياشلارنى خىرۇئىنىدەك زەھەرلەيدۇ. ئېتىقادسىز، ئەخلاقسىز، نادان، ۋىجدانسىز ئادەم ھېچنېمىگە يارىماس ئەخلەتتۇر. ۋىجدان سوتچى، ئەخلاق ساقچى بولغان بولسا، دۆلەتتە ساقچى، جەمئىيەتتە جىنايەتچى ئاز بولغان بولاتتى. نۆۋەتتە ئەڭ مۇھىمى ئەۋلادلارنى ياخشى تەربىيىلەشنىڭ كويىغا كىرىش كېرەك، يامان تۈزەلسە زامان تۈزۈلىدۇ. ئائىلە، ئەۋلاد ۋە مىللەت، دۆلەتنىڭ بەخت ـ ئىقبال، تەقدىر ـ ئىستىقبالىغا بىۋاستە باغلىنىدىغان مۇھىم ئۆزەك. ھەر بىر ئائىلە بىر دەرسخانا، ھەر بىر ئاتا ـ ئانا ئۈلگىلىك ئۇستاز بولۇشى، بالىلارغا تۇرمۇشتا مېھرىبان، كۆيۈمچان بولۇش بىلەن بىرگە تەلىم ـ تەربىيىدە تەلەپچان، مەسئۇلىيەتچان، تىرىشچان، پاسىبان، يېتەكچى بولۇش كېرەك. ئەخلاقىي جەھەتتىن ئائىلە تەربىيىسىدىن مەھرۇم بالا مەكتەپ تەربىيىسىدە مۇكەممەل تەربىيىگە ئېرىشەلىشى ناتايىن. ئائىلىدىكى ئەدەپ ـ ئەخلاق تەربىيىسى ۋە ئۇنىۋېرسال تەلىم ـ تەربىيىنىڭ ئاجىزلىقى ئائىلىگە پاجىئە، جەمئىيەتكە تراگېدىيە ئېلىپ كېلىدۇ. بىر قىسىم نادان ئاتا ـ ئانىلار پۇل تېپىش، جان بېقىش، كۈن ئۆتكۈزۈشنىڭ كويىدىلا بولۇپ، بالىلىرىنىڭ ئەخلاق ۋە ئىلىم تەربىيىسىگە سەل قارىماقتا، نەتىجىدە بالىلىرىنىڭ ئۆمۈرلۈك بەختىگە ئولتۇرماقتا. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ساپاسى بالىلارنىڭ ساپاسىنى، مىللەتنىڭ ساپاسىنى بەلگىلەيدۇ.

ئادەمدە دىيانەت، پاراسەت، ئەخلاق ـ پەزىلەتتىن ئىبارەت ئۈچ ئەڭگۈشتەر بولۇشى كېرەك. بۇ ئۈچ ئەڭگۈشتەر ئادەم قىممىتىنىڭ جەۋھىرى ۋە كۆركى. بىر ئادەمنىڭ قانداق يېتىلىشى ئائىلىدىكى ئەخلاق تەربىيىسى، مەكتەپ تەربىيىسى ۋە جەمئىيەت تەربىيىسىگە باغلىق بولۇپ قالىدۇ. ئائىلە تەربىيىسى دىنىي تەلىم، ئەخلاق تەربىيىسىنى مەركەز قىلىدۇ.

بالىلىرىمىز بىلىم ـ مەرىپەت، ئەدەپ ـ پەزىلەت، ھۈنەر ـ سەنئەت، تېخنىكا ـ ماھارەتتە ئەتراپلىق تەربىيىلەنسە ئىمانى كامىل، ئەخلاقتا پازىل، ھەر ئىشتا قابىل، يېڭىلىق يارىتىشتا دادىل بولۇپ، دەۋرگە ئەگىشىپ، تەرەققىياتقا ماسلىشىپ يول ئېچىپ ئىلگىرىلىيەلەيدۇ. قادىر ئاللاھ بارلىقىمىزغا ئىككى ئالەملىك بەخت ـ سائادەت ئاتا قىلغاي ـ ئامىن!

(ئاپتور: مورى ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

**ساھابە**—— ساھابە ئەرەبچە سۆز بولۇپ، دوست، بۇرادەر دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، ئىستىلاھى مەنىسىدە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن زامانداش ياشىغان، ئۇ زات بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغان ھەم ئۇ زاتنىڭ ئېلىپ بارغان دەۋەتلىرىگە ياردەمدە بولغان كىشىلەر ساھابىلەر دەپ ئاتىلىدۇ. ساھابە كىراملار يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە بولغاچقا، ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە ئۇلارنى زىكرى قىلىپ مۇنداق دېگەن: **”مۇھەممەد ئاللاھنىڭ رەسۇلىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولغان مۆمىنلەر كۇففارلارغا قاتتىقتۇر، ئۆزئارا كۆيۈمچاندۇر، ئۇلارنى رۇكۇ قىلغان، سەجدە قىلغان ھالدا كۆرىسەن. ئۇلار ئاللاھنىڭ پەزلىنى ۋە رازىلىقىنى تىلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرىدە سەجدىنىڭ ئەسىرىدىن نىشانلار بار“**[سۈرە«سەجدە»(48 ـ سۈرە)، 29 ـ ئايەت].

# قەرز توغرىسىدا

ئابدۇلۋاھىد خۇدابەردى

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

قەرزدار نېمىلەرگە دىققەت قىلىشى كېرەك، قەرز بېرىپ تۇرغۇچىچۇ؟ بۇ مەسىلىلەرگە قۇرئان كەرىم بىلەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىدىن تولۇق جاۋاب تېپىلىدۇ.

بىرىنچىدىن، قەرزدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ھەر بىر مۆمىن مۇسۇلماندا قەرزدىن قورقۇش تۇيغۇسى بولۇشى ۋە ھەر دائىم قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەپ تۇرۇشى لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قەرز ھەققىدە ناھايىتى كۆپ نەسىھەت قىلغان.

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر ئىبنى ئاستىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ شېھىتنىڭ قەرزدىن باشقا ھەر قانداق گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىدۇ"**. يەنە بىر ھەدىستە: **"ئاللاھ يولىدا كۆرەش قىلىش قەرزدىن باشقا ھەر قانداق ئىشقا كاپارەت بولىدۇ"** دېيىلگەن(مۇسلىم توپلىغان).

ئەبى قەتادە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ ساھابىلەرنىڭ ئىچىدە ئورنىدىن تۇرۇپ: **"ئاللاھ يولىدىكى جىھاد، ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ئەڭ ئەۋزەل ئەمەل"** دېۋىدى، بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ: "يا رەسۇلۇللاھ، ئەگەر ئاللاھ يولىدا ئۆلتۈرۈلسەم مېنىڭ گۇناھىم كەچۈرۈلەمدۇ؟" دېدى. رەسۇلۇللاھ: **"ئەگەر سەن چىداملىق بولۇپ ئاللاھتىن ئەجىر-ساۋاب ئۈمىد قىلىپ چېكىنمەستىن ئۆلتۈرۈلسەڭ، گۇناھىڭ كەچۈرۈلىدۇ، ئەمما قەرز بۇنىڭدىن مۇستەسنادۇر، بۇ گەپنى ماڭا ھازىر جىبرىئىل يەتكۈزدى"** دېدى (مۇسلىم توپلىغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دېگەن: **"(ئۆلگەن) مۆمىننىڭ جېنى ئۇنىڭ قەرزى ئادا قىلىنمىغىچە(يۇقىرى مەقامغا يېتىشتىن) ئۆزىنىڭ قەرزىگە باغلىنىپ قېلىپ قالىدۇ"** (تىرمىزى توپلىغان).

قەرزدار بولۇپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن يەنە تۇرمۇشتا ئاددىي ـساددا بولۇش، خىراجەت قىلغاندا ئىسراپچىلىق قىلماسلىق، ھەشەمەتچىلىكتىن ساقلىنىش، ئېھتىمالدىن يىراق بولغان پايدىنى كۆزلەپ، نەپسانىيەتچىلىككە بېرىلىپ نۇرغۇن قەرز ئېلىپ تىجارەت، ھۈنەر ـ كەسىپ، دېھقانچىلىق قاتارلىق يوللارغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىشتىن، قولىدىكى ئىقتىسادىنى ئالدى ـ كەينىنى ئويلاشمايلا ئالدىراپ سەرپ قىلىۋېتىپ كېيىن تۈگمەس پۇشايمان قىلىشتىن ھەزەر ئەيلەش كېرەك. بۇ ھەقتە ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن (يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن (يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن.**

— سۈرە«بەنى ئىسرائىل»(17 ـ سۈرە)، 29 ـ ئايەت

يەنە مۇنداق دېگەن:

**تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە (خەير-ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، (پۇل-مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) ئىسراپ قىلمىغىن. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر، شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغانىدى.**

— سۈرە«بەنى ئىسرائىل»(17 ـ سۈرە)، 26—27 ـ ئايەتلەر

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت

قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى قايتۇرۇش نىيىتى بىلەن كىشىلەردىن قەرز ئالسا ياكى باشقا ئۇسۇل بىلەن پۇل-مال ئالسا، ئۇنىڭ نىيىتى توغرا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ مەرھەمەت قىلىپ ئۇنىڭ قايتۇرۇشنى ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ. كىمكى كىشىلەرنىڭ پۇل-مېلىنى قايتۇرماسلىق نىيىتى بىلەن ئالسا، ئېلىنغان پۇل-مېلىنى ئاللاھ توزۇتتۇۋېتىدۇ" (بۇخارى توپلىغان).

ئەبۇ بەرزە ئەسلەمى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىپ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: "بەندە ئۆمرىنى قانداق ئۆتكۈزگەنلىكلىرىدىن ۋە نېمە ئەمەللەرگە سەرپ قىلغانلىقىدىن، پۇل-مالنى قەيەردىن تېپىپ، قەيەرگە ئىشلەتكەنلىكلىرىدىن ۋە جىسمىنى نېمىدە ئۇپراتقانلىقىدىن سوئال-سوراق قىلىنمىغىچە ئۇنىڭ ئىككى قەدىمى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن قوزغالمايدۇ" (بۇخارى توپلىغان).

دۇنيارىمىزدا بەزى كىشىلەرنىڭ تېخى باش تارتمىغان بۇغداي، قوناق، قىزىلچا قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ كۆكىنى كۆرۈپلا، ئۆرۈك-ئالما، قوغۇن-تاۋۇز قاتارلىق مېۋە-چېۋىلەرنىڭ چېچەكىنى كۆرۈپلا، ھەتتا قوي-كاللارنىڭ تېخى تۇغۇلمىغان بالىسىنىمۇ سودا قىلىشقانلىقىنى ۋە كېيىن تەبىئىي ئاپەت ۋە باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بىر مۇنچە زىيان تارتىپ قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانلىقىنىمۇ ئۇچراتتۇق. بۇ خىل سودا خاتا بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز بۇنىڭدىن توسقان. ئىبنى ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: "شېخىدىكى مېۋە مەنپەئەتلىنىشكە يارىمىغىچە ئۇنى بەيئى قىلىشماڭلار، شاختىكى ھۆل خورمىنى قۇرۇق خورمىغا ساتماڭلار" (بۇخارى توپلىغان).

ئىككىنچىدىن، بىرەر مۆمىن مۇسۇلمان خىلمۇخىل سەۋەبلەر بىلەن قەرزدار بولۇپ قالغاندا، بۇنىڭغا سەۋر قىلىشى، بۇمۇ ئاللاھنىڭ سىنىقى دەپ بىلىشى، بۇ قەرزدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن ئاللاھقا سېغىنىپ دۇئا قىلىشى، ئاللاھتىن ئۈمىدۋار بولۇشى، جېنىدىن تويۇپ ئاللاھقا ئاسىي بولۇپ ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كېلىشتىن ساقلىنىشى، قەرزدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ياخشى چارە-تەدبىر ئىزدىشى ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ قەرزدىن خالاس بولۇش ئۈچۈن ھالال تەر تۆكۈشى لازىم.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

بىز سىلەرنى بىرئاز قورقۇنچ بىلەن، بىرئاز قەھەتچىلىك بىلەن ۋە ماللىرىڭلارغا، جانلىرىڭلارغا، باللىرىڭلارغا، زىرائەتلىرىڭلارغا يېتىدىغان زىيان بىلەن چوقۇم سىنايمىز. (بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، زىيان-زەخمەتلەرگە) سەۋر قىلغۇچىلارغا (جەننەت بىلەن) خۇش خەۋەر بەرگىن.

— سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 155-ئايەت

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئاللاھ كىمگە بىرەر ياخشىلىقنى ئىرادە قىلغانىكەن، ئۇنى ئوڭۇشسىزلىققا دۇچار قىلىدۇ" (بۇخارى توپلىغان).

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: "مۇسۇلمانغا كەلگەن ھەر قانداق كۆڭۈلسىزلىكنى ئاللاھ ئۇنىڭ گۇناھىغا كاپارەت قىلىدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ بەدىنىگە بىر تىكەن كىرسىمۇ، ئۇ گۇناھىغا كاپارەت بولىدۇ" (بۇخارى توپلىغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: "(ھاجىتىنى) ئاللاھتىن سورىمىغان ئادەمگە ئاللاھ غەزەپ قىلىدۇ" (تىرمىزى توپلىغان).

يۇرتىمىزدا مۇشۇ بىر يىل ئىچىدىلا نۇرغۇن قەرزگە بوغۇلۇپ قېلىپ، ھېچبىر چىقىش يولى تاپالماي ئائىلىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ، تورۇسقا ئارغامچا باغلاپ بوغۇلۇپ ئۆلۈۋالغان، چاشقان دورىسى يەپ ئۆلۈۋالغان، ئۇستەڭلەرگە ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋالغان، بىنادىن ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋالغان بىر قانچە ئادەمنى كۆردۇق ياكى ئاڭلىدۇق. شۈبھىسىزكى، ھەممىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ ئۆلۈۋېلىش مۆمىن مۇسۇلمان ئۈچۈن مۇتلەق توغرا ئەمەس(ئىسلامدا بۇ ئىنتايىن ئېغىر گۇناھ) ھەم ئاخىرقى تاللاش يولى ئەمەس!

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام مۇنداق دېگەن: "كىمكى ئۆزىنى تاغدىن تاشلاپ ئۆلۈۋالسا ئۇ دوزاختا تاشلىنىپ تۇرغان ھالدا مەڭگۈ قالىدۇ. كىمكى زەھەر ئىچىپ ئۆلۈۋالسا، ئۇ ئىچىپ ئۆلگەن زەھىرىنى قولىدا

**تۇتۇپ دوزاختا ئۇنى سۈمۈرۈپ تۇرغان ھالدا مەڭگۈ قالىدۇ، كىمكى ئۆزىنى تىغ بىلەن ئۆلتۈرۈۋالسا، تىغنى قولىدا تۇتۇپ دوزاختا ئۇنى قورسىقىغا سانجىغان ھالدا مەڭگۈ قالىدۇ“ (بۇخارى توپلىغان).**

ئەگەر ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ھەر قانچە كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ كەتسىمۇ، ئاللاھقا چىن قەلبىدىن سىغىنىپ دۇئا قىلسا ۋە تىرىشچانلىق كۆرسەتسىلا، ئىنشائاللاھ، قەرزدىن خالاس بولۇپ كەتسە ئەجەب ئەمەس. چۈنكى بۇ ھەقتە ئاللاھنىڭ قۇرئان كەرىمدە بىزلەرگە مۇنداق ۋەدىسى بار:

**مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا(ئۇلارغا ئېيتقىنكى)، مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن(يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن)، ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن، ئۇلار توغرا يول تېپىش ئۈچۈن مېنىڭ دەۋىتىمنى قوبۇل قىلسۇن ۋە ماڭا ئىمان ئېيتسۇن (يەنى ھەمىشە ئىمان بىلەن بولسۇن).**

—— سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 186 ـ ئايەت

ئۈچىنچىدىن، قەرزدار بولغۇچى ئەگەر قەرز ئالغان پۇل ـ مالنى قەرز ئالغاندىن كېيىن ئىشلەتمىگەن بولسا ياكى قەرز قايتۇرۇش مۆھلىتى ئىچىدە ئامال قىلىپ تاپالىغان بولسا قەرز بېرىپ تۇرغۇچىغا قەرزنى دەرھال تاپشۇرۇپ بېرىپ ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشى، ياخشى مالنىڭ ئورنىغا ناچار مالنى بەرمەسلىكى زۆرۈر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: „**سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا (قەرزنى ئىگىسىگە ۋاقتىدا تولۇق) ئادا قىلىدىغان، قايتۇرىدىغان ئادەم ئەڭ ئوبدان ئادەمدۇر**“ (بۇخارى توپلىغان).

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: „**باي ئادەمنىڭ قەرزنى ئارقىغا سۈرۈشى زۇلۇم قىلغانلىقتۇر**“ (بۇخارى توپلىغان).

ئەگەر قەرزدار كىشى قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرۇشقا ئامالسىز قالغان بولسا، قەرز ئىگىسىگە ئەھۋالنى ئېيتىپ يەنە بىر مەزگىل مۆھلەت بېرىشنى تەلەپ قىلسا بولىدۇ، ئەگەر ئۇنداق قىلماي قەستەن ئۆزىنى قاچۇرۇپ كەينىگە سۈرەۋەرسە، ئۇ مۇناپىقلار جۈملىسىدىن بولىدۇ. چۈنكى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: „**مۇناپىقنىڭ بەلگىسى ئۈچ تۈرلۈك بولىدۇ: سۆزلىسە يالغان سۆزلەيدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلمايدۇ**“ (بۇخارى توپلىغان).

قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرمىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە قەرز ئىگىسىگە ئۆز ئەھۋالىنى ئېيتىپ يەنە مۆھلەت سورىمىغان كىشىدە يۇقىرىدا دېيىلگەن مۇناپىقنىڭ ئۈچ خىل بەلگىسى تولۇق تېپىلىدۇ. شۇڭا بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

ئەگەر قەرزدار كىشى ھەقىقەتەن قولى قىسقا بولۇپ قەرزنى ۋاقتىدا قايتۇرۇشقا قۇربى يەتمىسە ياكى قەرز ئالغاندىن كېيىن ئويلىمىغان يەردىن بىرەر بالا ـ قازا، كېلىشمەسلىككە ئۇچراپ ناھايىتى مۈشكۈل ھالغا چۈشۈپ قالغان بولسا، ناۋادا قەرز ئىگىسىنىڭ ئەھۋالى ياخشى بولۇپ، قەرزدارغا قەرز مۆھلىتىنى ئۇزارتىپ بەرسە، ھاجىتىدىن چىقىۋېلىش ئۈچۈن يەنە قەرز بېرىپ تۇرسا ياكى ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ ئۇنىڭ بويىنىدىكى قەرزدىن سەدىقە ھېسابىدا ئۆتۈپ كەتسە(كەچۈرۈۋەتسە) قەرزدارنى غەمدىن خالىس قىلىش بىلەن بىرگە ئۆزىمۇ چوڭ ساۋابقا ئېرىشكەن بولىدۇ. ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**ئەگەر قەرزدارنىڭ قولى قىسقا بولسا، ئۇنىڭ ھالى ياخشىلانغىچە كۈتۈڭلار، ئەگەر (خەيرلىك ئىش ئىكەنلىكىنى بىلسەڭلار، قىيىنچىلىقتا قالغان قەرزداردىن ئالىدىغان قەرزنى ئۇنىڭغا) سەدىقە قىلىپ بېرىۋەتكىنىڭلار سىلەر ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشىدۇر.**

—— سۈرە «بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 280 ـ ئايەت

ئاللاھ يەنە مۇنداق دېگەن:

**كىمكى ئاللاھقا قەرزىي ھەسەنە بېرىدىكەن(يەنى ئاللاھنىڭ يولىدا پۇل-مېلىنى خۇشاللىق بىلەن سەرپ قىلىدىكەن)، ئاللاھ ئۇنىڭغا نەچچە ھەسسە (يەنى ئون ھەسسىدىن يەتتە يۈز ھەسسىگىچە) كۆپ قايتۇرىدۇ، ئاللاھ(سىناش ئۈچۈن، بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) تار قىلىدۇ، (بەزى كىشىلەرنىڭ رىزقىنى) كەڭ قىلىدۇ، (قىيامەت كۈنى) ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر.**

—— سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 245 ـ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: „**كىمكى ئۆزىگە قەرزدار بولۇپ قالغان ئادەمگە مۆھلەت**

بىرسە ياكى ئۇنىڭدىن قەرزنى كۆتۈرۈۋەتسە قىيامەت كۈنى ئۇ ئادەم ئەرشنىڭ سايىسىدا بولىدۇ" (مۇسلىم توپلىغان).

ئاللاھ يەنە قۇرئان كەرىم (سۈرە«تەۋبە»)دە قەرزدارغا زاكات بېرىلىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

قەرز ئالغاندا ياكى كىشىگە قەرز بېرىپ تۇرغاندا ئۆسۈم ئېلىشتىن ساقلىنىشقا قاتتىق دىققەت قىلىش كېرەك. چۈنكى، بۇ جازانە بولۇپ، ئىسلامدىكى ئېغىر گۇناھلارنىڭ بىرى جازانە يېيىشتۇر.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دېگەن:

**ئاللاھ جازانىنىڭ (بەرىكىتىنى) ئۇچۇرۇۋېتىدۇ، سەدىقىنىڭ (بەرىكىتىنى) زىيادە قىلىدۇ، ئاللاھ ھەر بىر ناشۈكۈر (يەنى جازانىنى ھالال سانىغۇچى) گۇناھكارنى دوست تۇتمايدۇ.**

—— سۈرە«بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 276 ـ ئايەت

يەنە مۇنداق دېگەن:

**ئى ئىمان ئېيتقان كىشىلەر! (ھەقىقىي) مۆمىن بولساڭلار، ئاللاھ(نىڭ ئەمرىگە مۇخالىپەتچىلىك) قىلىشتىن ساقلىنىڭلار، (كىشىلەرنىڭ زىممىسىدە) قېلىپ قالغان جازانىنى(يەنى ئۆسۈمنى) ئالماڭلار.**

—— سۈرە «بەقەرە»(2 ـ سۈرە)، 278 ـ ئايەت

جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: **"پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جازانىنى يېگۈچىگە، يېگۈزگۈچىگە، يېزىپ بەرگۈچىگە ۋە ئۇنىڭغا گۇۋاھ بولغۇچىغا لەنەت قىلدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاش دېدى"** (بۇخارى توپلىغان).

دىيارىمىزدا بەزى تىجارەتچىلەر، كارخانىچىلار، ئاشخانا خوجايىنلىرى ۋە باشقا ساھەلەردە باي ئاتالغان پۇلدار بەزى كىشىلەر خىزمىتىگە سالغان بەزى ئىشلەمچىلەر، يېتىملەر، مۇساپىرلارنىڭ بىرەر يىللىق، بىر نەچچە ئايلىق ياكى بىر نەچچە كۈنلۈك ھالال ئىش ھەققىنى ئۆز ۋاقتىدا بەرمەيدىغان، ئۇلارنى ئاجىز كۆرۈپ بوزەك قىلىپ تېنىۋالىدىغان ياكى كەينىگە سۆرەۋېرىپ ئاخىرى ئۇنىڭدىن ۋاز كەچتۈرىدىغان ئەھۋال خېلىلا ئېغىر. بۇنداق كىشىلەر ئۆزلىرىچە بۇنى قەرز دەپمۇ ئويلىمايدۇ، بۇنىڭغا سەل قارىشىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇمۇ قەرز بولۇپ، ئۇلار ئۆزلىرى ئىشلەتكەن كىشىلەرگە قەرزدار بولۇش بىلەن بىرگە يەنە كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىش گۇناھىنىمۇ ئۆزىگە ئارتىۋالغان بولىدۇ. ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن بايان قىلىنغان بىر ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"ئاللاھ تائالا ئېيتتىكى، ئۈچ تۈرلۈك ئادەم قىيامەت كۈنى مېنىڭ دۈشمىنىم ھېسابلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ بىرىنچى خىلى مەن بىلەن قەسەم قىلىپ ۋەدىسىدە تۇرمىغان ئادەم؛ ئىككىنچى خىلى، ھۆر ئادەمنى سېتىپ پۇلىنى يېگەن ئادەم؛ ئۈچىنچى خىلى، بىر ئادەمنى ياللاپ ئىشلىتىپ ئىش ھەققىنى بەرمىگەن ئادەم"** (بۇخارى توپلىغان).

سامىر ئەنسارىنىڭ قىزى، ھەمزىنىڭ ئايالى خەۋلەدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى ئاڭلىدىم دەيدۇ: **"شۈبھىسىزكى، ئاللاھنىڭ مېلىنى(مۇسۇلمانلارنىڭ ھەققىنى) ناھەق رەۋىشتە تەسەررۇپ قىلىدىغان ئادەملەر قىيامەت كۈنى دوزاخقا تاشلىنىدۇ"**(بۇخارى توپلىغان).

قەرزدار كىشى يەنە ئۆز قەرزىنى خوتۇن ـ بالىلىرىغا، قېرىنداشلىرىغا ياكى يېقىن دوستلىرىغا مەلۇم قىلىپ تۇرۇشى كېرەك. چۈنكى ھەدىسنىڭ روھى بويىچە، ئەتە نېمە ئىش بولىدىغانلىقىنى ۋە ھەر كىم ئۆزىنىڭ قاچان ئۆلىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ھاياتلىقتىكى قەرزنى مۇمكىنقەدەر ۋاقتىدا قايتۇرۇۋېتىشى، قايتۇرالمىسا ئۆيدىكىلىرىگە دەپ قويۇشى ياكى ۋەسىيەت قالدۇرۇشى كېرەك. ئەگەر قەرزدار كىشى تۇيۇقسىز قازا قىلىپ كەتسە، قەرز ئىگىسى قاچانلاردۇر بىر ۋاقىتتىكى قەرزنى سۈيلەپ كەلسە قەرزدارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەر قەرزنىڭ ھېسابىنى بىلەلمەي قالىدۇ؛ يەنە بىر جەھەتتىن مەرھۇمنىڭ كەينىدىن ساقىت بولمىغان قەرزنى قايتۇرۇشمۇ قىيىنغا چۈشىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا، ھەممىمىز قەرزدىن خۇددى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام پاناھ تىلىگەندەك پاناھ تىلىشىمىز، بۇ دۇنيادىكى قەرزدىن، گۇناھتىن خالىي ھالدا ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا سەپەر قىلىشقا تىرىشىشىمىز لازىم. ئاللاھ ھەممىمىزگە رەھمەت قىلغاي، مۇشكۈللىرىمىزنى ئاسان قىلغاي، ئامىن!

(ئاپتور: ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# كېسەللىككە سەۋەب قىلىشتىكى بەزى خۇراپىيلىقلىرىمىز

ئابلاجان مۇھەممەت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

بىز ئۇيغۇرلاردا ”سەۋەب قىلىساڭ سېۋەتتە سۇ توختايدۇ“ دېگەن ھېكمەتلىك سۆز بار. بۇ ھەقىقەتەن جايىدا ئېيتىلغان سۆز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ ھەدىسىمۇ بۇ نۇقتىنى ئىسپاتلايدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىدا بىر كىشى تۆگىسىنى باغلىماستىن قويۇۋەتتى ۋە ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلدىم، دېدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ كىشىگە: **”ئاۋۋال تۆگەڭنى باغلا، ئاندىن ئاللاھقا تەۋەككۇل قىل“** دېدى. يەنى تۆگىنىڭ قېچىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن سەۋەب قىلىشقا بۇيرۇدى. ئەپسۇسكى، مىللىتىمىزدىكى خېلى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ساپاسىنىڭ بەكمۇ تۆۋەنلىكى، بىلىمسىزلىكى تۈپەيلىدىن ئۇلاردا خۇراپاتلىق ناھايىتى ئېغىر. مەسىلەن، بەدەننىڭ بەزى يەرلىرى ئاغرىسا يۇڭ تىلەپ ئۈچ قويۇش، بىر تۇتام يىكەنگە ئوت يېقىپ كېسەل كىشىنىڭ بېشىدىن ئۆرۈپ كۆچ - كۆچ قىلىش، ئىچى سۈرۈپ قۇسسا ئوت كۆچۈرتۈش، ئېغىر كېسەللەرنى باخشى چاقىرىپ پېرە ئويناتتىش، ھالقىغا ئېلىش قاتارلىق تەۋھىد ئەقىدىسىگە خىلاپ، قىلچىمۇ ئۈنۈمى بولمىغان بىر يۈرۈش سەۋەب ھەرىكەتلىرىمىز بار. بىز خېلى زامانلاردىن تارتىپ ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كەلگەن، ئاللاھ تائالانى تونۇيدىغان، قۇرئان كەرىم، ھەدىسى رەسۇلۇللاھنى يېتەكچى پاكىت قىلىدىغان مۇنەۋۋەر مىللەت ئىدۇق. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**(ئى مۇھەممەد!) ”سىلەر ئاللاھتىن باشقا پايدا-زىيان يەتكۈزۈشكە قادىر بولالمايدىغان نەرسىلەرگە چوقۇنامسىلەر؟“ دېگىن.**

—— سۈرە «مائىدە» (5 - سۈرە)، 76 - ئايەت

دېمەك، ئۈچ قويۇش، ئوتلاق قېقىش، ئوت كۆچۈرتۈش، ئىسرىق سېلىش قاتارلىق سەۋەبلەر بىلەن كېسەل شىپا تاپىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش دەل ئاشۇ ئوت، چاۋار، يۇڭلارنىڭ كېسەللىكنى كەتكۈزۈشتە مەلۇم ماددىدىن تاشقىرى تەسىررۇپ كۈچى بار دەپ چوقۇنغانلىق! ھەتتا خۇراپىي ئالدامچىلار ”ئەسكى تۈگمەنگە بار، يالغۇز دەرەخنىڭ يېنىغا بار، كۆچ، كۆچمىسەڭ بورا ياغىچى يۆگەپ ئوت قويىمەن“ دەپ كېسەلگە خىتاب قىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا ھالقىغا ئالىدىغان، پېرە ئويناتتىدىغان باخشىلارمۇ ھەر خىل غايىب روھلارنى تۇۋلاپ، تىلغا رام بولۇپ كەتكەن ئەپسۇنلىرىنى ئوقۇپ، ئاغرىق كىشىدىن كېسەللىكنىڭ چىقىپ كېتىشى ئۈچۈن تەھدىت سالىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، كېسەللىك ئىنسان كۆچ دېگەنگە كۆچىدىغان، ھەيۋە قىلسا قاچىدىغان جانلىق تۇرىدىكى شەخس ئەمەس. پەقەت ئاللاھ تائالا خالىسا مەلۇم سەۋەبلەر ھازىرلىنىپ ئاغرىق كىشىدىن كېسەللىك ئاجرايدۇ، بۇ قۇدرەت ئاللاھ تائالاغا خاستۇر. ئىنساننىڭ غايىب كۈچى بىلەن ياكى خىتابى بىلەن كېسەللىك كۆچۈپ كېتىدۇ دەپ ئىشىنىش تولىمۇ بىلىمسىزلىك، ئىسلامدىن يىراقلاشقانلىق، شېرىك ئەمەلدۇر.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ سەھىھ ھەدىسىمۇ كېسەللىكنىڭ كۆچمەيدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ: ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئىسلامدا ئاغرىق كۆچىدۇ دەپ ئېتىقاد قىلىش يوق، قۇشلارنىڭ ئۈچۈشىدىن شۇملىنىش يوق، ھۇۋقۇشتىن شۇملىنىش يوق، سەپەر ئېيىدىن شۇملىنىش**

يوق“ (بۇخارى توپلىغان).

ھۆرمەتلىك قېرىنداشلار! بىز نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ كېلىۋاتقان، ھەقنى تونۇيدىغان ئېسىل مىللەت. ئىسلام دىنىنىڭ مۇھىم پرىنسىپى شۇكى، ھەر قانداق كىشى ئۆزىنىڭ توغرا يولىنى پەقەت قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسى رەسۇلۇللاھ ئارقىلىق تاپالايدۇ. پەرۋەردىگارىمىز مۇنداق دەيدۇ:

**پۈتۈن جاھان ئەھلىنى (ئاللاھنىڭ ئازابىدىن) ئاگاھلاندۇرغۇچى بولۇشى ئۈچۈن، بەندىسىگە (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) ھەق بىلەن باتىلنى ئايرىغۇچى قۇرئاننى نازىل قىلغان ئاللاھنىڭ بەرىكىتى بۈيۈكتۇر.**

—— سۈرە «فۇرقان» (25 ـ سۈرە)، 1 ـ ئايەت

**ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرىگە ئىتائەت قىلىڭلار، سىلەر (قۇرئاننى) ئاڭلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرۈمەڭلار.**

—— سۈرە «ئەنفال» (8 ـ سۈرە)، 20 ـ ئايەت

مانا بۇ دەۋەتلەرنى ئەقىللىق كىشى چوقۇم ھېس قىلالايدۇ. ئەمدى ئىسلام دىنىمىز كېسەللىك ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قانداق سەۋەب قىلىشىمىزغا بۇيرۇيدۇ؟ بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنۇ ھەدىسلىرىگە مۇراجىئەت قىلىمىز: ئۇسامە ئىبنى شەرىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى: ”مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۇزۇرىغا كەلگەن ئىدىم، ئۇنىڭ ساھابىلىرى خۇددى باشلىرىغا قۇش قونغاندەك جىمجىت تۇرۇشاتتى. مەن سالام بېرىپ ئولتۇردۇم، ئاندىن ئۇ يەردىن، بۇ يەردىن ئەئرابىلار كېلىپ ئۇلار: 'ئى رەسۇلۇللاھ (ئەگەر ئاغرىپ قالساق) داۋالانساق بولامدۇ؟' دەپ سورىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: 'داۋالىنىڭلار، چۈنكى ئاللاھ تائالا قېرىلىق كېسەللىكىدىن باشقا بىرەر كېسەللىكنى بەرگەن ئىكەن، ئۇنىڭغا داۋاسىنى قوشۇپ بېرىدۇ' دېدى“ (ئەسھابۇسسۇنەندە رىۋايەت قىلىنغان).

سەئىد ئىبنى ۋەققاس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئېيتىدۇ: ”مەن ئاغرىپ قالغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مېنى يوقلاپ كىرىپ قولىنى كۆكرىكىمنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويغانىدى، يۈرىكىمدىن ئۇنىڭ سوغۇقلۇقنى ھېس قىلدىم. ئاندىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ماڭا: 'سەن يۈرەك ئاغرىقى بىلەن ئاغرىغان ئادەم، سەن سەقىپنىڭ بۇرادىرى ھارىس ئىبنى كەلدەنىڭ قېشىغا بارغىن، ئۇ تېۋىپلىق قىلىدىغان ئادەم، ئۇ مەدىنىنىڭ خورمىسىدىن يەتتە تال خورما ئېلىپ، ئۇلارنى ئۇرۇقچىسى بىلەن سوقۇپ ئاندىن ئۇنى ساڭا ئىچۈرسۇن' دېدى“ (ئەبۇ داۋۇد توپلىغان). مانا بۇ ئاللاھنىڭ رەسۇلى، دىنىمىزنىڭ يېتەكچىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كېسەللىككە قانداق سەۋەب قىلىش ھەققىدە بەرگەن كۆرسەتمىسى. بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئوت كۆچۈرتكىن، ئوتلاق قاقتۇرغىن دېمىدى. بەلكى تېۋىپنىڭ قېشىغا بېرىپ داۋالانغىن دېدى. دېمەك، يۇقىرىقى پاكىتلاردىن ئوت كۆچۈرتۈش، ئوتلاق قېقىش قاتارلىق بىر يۈرۈش خۇراپىي سەۋەبلەر بىلەن كېسەل داۋالىتىمەن دېيىشنىڭ ئىسلام دىنىدا قاتتىق چەكلەنگەن بىدئەت يوللار ئىكەنلىكىنى، تېۋىپ، دوختۇرلاردا داۋالىنىشنىڭ ئىسلام دىنى رۇخسەت قىلغان سۈننەت يوللار ئىكەنلىكىنى چۈشەنگىلى بولىدۇ.

ئەگەر كېسەللىمىز ئېغىر بولۇپ، ئىسلامدا يېيىش رۇخسەت قىلىنمىغان دورىلار بۇيرۇلۇپ قالسا، ئۇنى ھالال دەپ ئېتىقاد قىلماستىن، پەقەت كېسەلدىن ساقىيىش ئۈچۈن يېسەك جائىز بولىدىغانلىقى توغرىسىدا پۈتكۈل ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قارىشى بىردەك. بۇنىڭ ئىسپاتى شۇكى، ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھ سىلەرگە ئۆزى ئۆلۈپ قالغان ھايۋاننى، قاننى، چوشقا گۆشىنى، ئاللاھتىن غەيرىينىڭ (يەنى بۇتلارنىڭ) نامى ئېيتىلىپ بوغۇزلانغان ھايۋاننى يېيىشنى ھارام قىلدى. كىمكى ئۆز ئىختىيارىچە ئەمەس، ئىلاجسىزلىقتىن (يۇقىرىقى ھارام قىلىنغان نەرسىلەردىن) ھاياتىنى ساقلاپ قالغۇدەك يېسە، ئۇنىڭغا ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ھەقىقەتەن ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر.**

—— سۈرە «بەقەرە» (2 ـ سۈرە)، 173 ـ ئايەت

(ئاپتور: يەكەن ناھىيىسىدىن

تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# يالغانچىلىق، ساختىلىققا قارشى تۇرۇپ، راستچىللىقنى تەشەببۇس قىلايلى

مۇھەممەد ئابدۇكېرىم

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مۇسۇلمان كىشى راستچىل بولىدۇ ھەم راستچىللىقنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنىڭغا ئىش ـ ھەرىكىتىدە ئەمەل قىلىدۇ، چۈنكى راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. راستچىللىقنىڭ ئەكسى يالغانچىلىق بولۇپ، يالغانچىلىق بۇزۇقچىلىققا باشلايدۇ، بۇزۇقچىلىق جەھەننەمگە باشلايدۇ.

مۇسۇلمان راستچىللىقنى ئەخلاقلا دەپ قارىماستىن بەلكى ئۇنى ئېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئىمان ـ ئىسلامنىڭ تەلپى دەپ قارايدۇ، ئاللاھ تائالا راستچىللىققا بۇيرۇيدۇ ۋە راستچىل كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ راستچىللىققا بۇيرۇغان ھەم ئۇنى تەرغىب قىلغان.

ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ:

**ئى مۆمىنلەر! ئاللاھتىن قورقۇڭلار، راستچىللار بىلەن بىللە بولۇڭلار.**

ـــ سۈرە«تەۋبە»(9 ـ سۈرە) **119** ـ ئايەت

**راستچىل ئەرلەر ۋە راستچىل ئاياللار...**

ـــ سۈرە«ئەھزاب»(33 ـ سۈرە) **35** ـ ئايەت

**راست سۆز(يەنى قۇرئان) ئېلىپ كەلگەن كىشى ۋە ئۇنى ئېتىراپ قىلغان كىشىلەر ـــ ئەنە شۇلار تەقۋادارلاردۇر.**

ـــ سۈرە«زۇمەر»(39 ـ سۈرە)33 ـ ئايەت

**(ئى مۇھەممەد!) كىتابتا(يەنى قۇرئاندا) ئىبراھىم(قىسسىسى)نى بايان قىلغىن، ئۇ ھەقىقەتەن تولىمۇ راستچىل پەيغەمبەر ئىدى.**

ـــ سۈرە«مەريەم»(19 ـ سۈرە)، **41** ـ ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **"راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ. بىر ئادەم داۋاملىق راستچىل بولىدۇ ۋە راستچىللىقنى چىڭ تۇتىدۇ، ئاخىرى ئاللاھنىڭ ھۇزۇرىدا راستچىل دەپ پۈتۈلۈپ كېتىدۇ. يالغانچىلىق بۇزۇقچىلىققا باشلايدۇ، بۇزۇقچىلىق دوزاخقا باشلايدۇ. بىر ئادەم داۋاملىق يالغانچىلىق قىلىدۇ، ئاخىرى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا يالغانچى دەپ پۈتۈلۈپ كېتىدۇ"**(بۇخارى توپلىغان).

ئاللاھ تائالا يالغانچىلىقتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرغان ۋە سۆزى بىلەن ئەمەلىيىتى ئوخشىمايدىغانلارغا قاتتىق كايىغان.

**يالغان گۇۋاھلىق بېرىشتىن ساقلىنىڭلار.**

ـــ سۈرە«ھەج»(22 ـ سۈرە)، **30** ـ ئايەت

**ئى مۆمىنلەر! سىلەر نېمە ئۈچۈن قىلمايدىغان ئىشنى قىلىمىز دەيسىلەر؟(يەنى ئەمەلدە قىلمايدىغان ياخشى ئىشلارنى نېمە ئۈچۈن ئاغزىڭلاردا قىلىمىز دەيسىلەر؟)، سىلەرنىڭ قىلمايدىغان ئىشنى (قىلىمىز) دېيىشىڭلار ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ئەڭ ئۆچ(كۆرۈلىدىغان نەرسىدۇر).**

ـــ سۈرە«سەف»(61 ـ سۈرە)، **2**ـــ **3** ـ ئايەتلەر

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالاممۇ كىشىلەرنى يالغانچىلىق ۋە ساختىپەزلىك قىلماسلىققا بۇيرۇيتتى، كاززاپلىققا نەپرەتلىنەتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: **"بىزگە ساختىپەزلىك قىلغان كىشى بىز مۇسۇلمانلاردىن ئەمەس"**(مۇسلىم توپلىغان).

مۇسۇلمان كىشى ھەق سۆزلەش، ياخشىلىققا بۇيرۇش ئاساسىدا ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەگىشىدۇ، ئالدامچىلىق قىلمايدۇ، ۋاپاسىزلىق، خىيانەت قىلمايدۇ. ئالداش، خىيانەت قىلىش ۋە ۋاپاسىزلىق قىلىش ئىنسانىدىكى ئەڭ ناچار سۈپەت. ئۇ ئىمان ۋە

ياخشى ئەمەل ئارقىلىق قولغا كەلگەن روھىي پاكلىققا زىت. مۇسۇلمان ياخشىلىققا يېقىن، يامانلىقتىن يىراق بولۇشى كېرەك. راستچىللىقنىڭ تېگى ئالتۇن. بىز سەممىي بولۇپ داۋاملىق راست سۆزلىسەك ئاللاھ تائالا بۇيرۇغان، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشەببۇس قىلغان راستچىللىقنى ئۆزلەشتۈرۈۋالساق پەيغەمبىرىمىز كۆرسەتكەندەك نۇرغۇن ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىمىز. بىز سەممىي بولساق كەسپىمىزگە بەرىكەت ياغىدۇ، ئىشلىرىمىز راۋاج تېپىپ گۈللىنىدۇ، كۆپ ياخشىلىققا ئېرىشىمىز. ئەڭ مۇھىمى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ”راستچىللىق خاتىرجەملىكتۇر“ (تىرمىزى توپلىغان) دەپ ئېيتقىنىغا ئوخشاش دىل ئارامىغا ئېرىشىمىز. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ”**ئىككى سودىگەرنىڭ سودىسى ئايرىلىپ كەتمىسىلا ئىختىيار بىلەن بولىدۇ. راست گەپ قىلسا ۋە ئوچۇق بولسا ئىككىسىنىڭ سودىسىغا بەرىكەت بېرىلىدۇ. ئەگەر يوشۇرۇپ يالغان ئېيتسا بەرىكەت يوقىلىدۇ**“.

راستچىللىق بىزنىڭ مەرتىۋىمىزنى ئاللاھ ئالدىدا شېھىتلەرنىڭ دەرىجىسىگە كۆتۈرىدۇ. راستچىللىقىمىز ئارقىلىق شېھىتلەرنىڭ ساۋابىغا ئېرىشەلەيمىز. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: ”**كىمكى راستچىللىق بىلەن شېھىتلىكنى تىلىسە گەرچە ئۇ ئۆزىنىڭ كۆرپىسىدە يېتىپ ئۆلگەن بولسىمۇ، ئاللاھ ئۇنى شېھىتلىك دەرىجىسىگە يەتكۈزىدۇ**“ (مۇسلىم توپلىغان).

راست سۆزلىسەك ھەر قانداق قىيىنچىلىقتىمۇ ئاللاھ تائالا بىزگە چىقىش يولى بېرىدۇ، يولىمىز راۋان، ئىشىمىز ئاسان بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر ھېكايەت بار:

بىر مەزلۇم سالىھلارنىڭ بىرىدىن پاناھلىق ئىزلەپ: ”ئەسكىلەر مېنى ئىزدەۋاتىدۇ، مېنى يوشۇرۇپ قويساڭ“ دەپ ئۆتۈندى. ئۇ كىشى بۇ مەزلۇمغا: ”بۇ يەردە ئۇخلا“ دەپ ئۈستىگە خورما غازىڭى تاشلاپ قويدى. ئىزدەپ كەلگۈچىلەر بۇ كىشىدىن ئۇنى سورىغاندا، ئۇ كىشى ”ئەنە غازاڭنىڭ ئاستىدا“ دەپ جاۋاب بەردى. ئۇلار بىزنى مەسخىرە قىلىۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ چىقىپ كەتتى. بۇ مەزلۇم سالىھ كىشىنىڭ راستچىللىقىنىڭ بەرىكىتىدىن قۇتۇلۇپ قالدى. بىر كۈنى ھەججاج ئىبنى يۇسۇف نۇتۇق سۆزلەپ نۇتۇقنى بەك ئۇزارتىۋەتتى. سورۇن ئەھلىدىن بىرى: ”ناماز ۋاقتى بولۇپ كەتتى، ۋاقىت سېنى كۈتۈپ تۇرمايدۇ، پەرۋەردىگارىڭ ئۆزرەڭنى قوبۇل قىلمايدۇ“ دېۋىدى، ھەججاج ئۇنى زىندانغا سولاشقا بۇيرۇدى. ئۇنىڭ قەۋمى كېلىپ: ”ئۇ ئادەم ساراڭ“ دېدى. ھەججاج: ”ئەگەر ئۇ ساراڭلىقىنى ئېتىراپ قىلسا ئۇنى قويىۋېتىمەن“ دېدى. ئۇ: ”ئاللاھ ماڭا ئاتا قىلغان نېمەتنى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھ مەندىن خالىي قىلغان ساراڭلىق سۈپىتىنى ئىسپاتلاپ يالغان ئېيتمايمەن“ دېدى. ھەججاج ئۇنىڭ راستچىللىقىنى كۆرۈپ ئۇنى قويۇۋەتتى.

سەممىيلىك، راستچىللىق مەلۇم بىر تەرەپكىلا قارىتىلىپ قالماستىن، گەپ-سۆزدە راستچىل بولۇش، ئىرادىدە راستچىل بولۇش، ۋەدىدە راستچىل بولۇش، كەيپىياتتا راستچىل بولۇش، ھۇنەر-كەسىپ ۋە مۇئامىلىدە راستچىل بولۇش دېگەندەك كۆپ مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**گەپ-سۆزدە راستچىل بولۇش:** مۇسۇلمان كىشى ھەق ۋە راست سۆزلىشى كېرەك. بىر ئىشتىن خەۋەر بەرسە ھەقىقىي ئەمەلىيەتتىن خەۋەر بېرىشى كېرەك. چۈنكى يالغانچىلىق مۇسۇلماننىڭ ئەخلاقى ئەمەس، بەلكى مۇناپىقنىڭ ئالامىتى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ”**مۇناپىقنىڭ ئالامىتى ئۈچ: يالغان سۆزلەيدۇ، ۋەدىگە ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ، ئامانەتكە خىيانەت قىلىدۇ**“ (بۇخارى توپلىغان).

**ئىرادىدە راستچىل بولۇش:** مۇسۇلمان كىشى بىرەر ياخشى ئىشقا ئىرادە قىلسا ئىككىلەنمەيدۇ، بۇ ئىشتىن ئۇنى ھېچقانداق نەرسە توسۇپ قالالمايدۇ، بۇ ئىشنى قەتئىيلىك بىلەن بىر باشقا ئېلىپ چىقىدۇ.

**ۋەدىدە راستچىل بولۇش:** مۇسۇلمان كىشى ۋەدە قىلسا ئورۇندايدۇ. چۈنكى ۋەدىگە خىلاپلىق قىلىش يۇقىرىقى ھەدىستە كۆرسىتىلگىنىدەك، مۇناپىقنىڭ ئالامىتى.

**كەيپىياتتا راستچىل بولۇش:** مۇسۇلمان كىشى ئەمەلىيەتتە باشقا، كۆرۈنۈشتە باشقا بولمايدۇ. ئۆزىنى كۆرسىتىشكە ئۇرۇنمايدۇ، ياسالمىلىق قىلمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ”بېرىلمىگەن

**نەرسە بىلەن تويغان قىياپەتكە كىرىۋالغۇچى تۆھمەتنىڭ ئىككى كىيىمنى كىيگۈچىگە ئوخشاش».**

قاراپ باقساق، هازىرقى توي-تۆكۈن مەرىكىلىرىمىزدىكى هەشەمەتچىلىك، ئىستېمالىمىزدىكى هەر تۈرلۈك هەددىدىن ئېشىشلارنىڭ ئەڭ چوڭ ساختىلىق ئىكەنلىكىنى هېس قىلىمىز. هەشەمەت ئۈچۈن ئابرۇي تالىشىپ هالىغا باقماي بەتخەجلىك قىلىۋاتقانلار جاپالىق تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان پېقىر-مىسكىنلەرنى، ئىگە-چاقىسىز، ئوقۇشسىز قالغان يېتىم-يېسىرلارنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ قويامدىغاندۇ؟! ئاشۇ قۇرۇق سۆلەت پوچىلارنىڭ هەشەمەتلىك توي-بەزمىلىرىدىن كېيىنكى قىينىلىشلىرىدىن ئەجەبلەنمەي قالمايمىز. مۇسۇلمان بولغانىكەنمىز سەممىي، ئەمەلىيەتچىل بولۇپ، هالىمىزغا بېقىپ ئىش قىلىپ، تۇرمۇشىمىزنى ياخشى ئۆتكۈزۈشىمىز كېرەك ئىدىغۇ؟!

**هۈنەر-كەسىپ، سودا-مۇئامىلىدە راستچىل بولۇش:** بىز مۇسۇلمانلار باشقىلار بىلەن مۇئامىلە قىلغان چېغىمىزدا راستچىل بولۇشىمىز، ئالدامچىلىق قىلماسلىقىمىز، هۈنەر-كەسىپتە هىيلە ئىشلەتمەسلىكىمىز، يالغان ئېيتماسلىقىمىز لازىم. بولۇپمۇ بازار ئىگىلىكىگە يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە شۇنداق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«راستچىللىق ياخشىلىققا باشلايدۇ، ياخشىلىق جەننەتكە باشلايدۇ»** دەپ ئېيتقاندەك، هۈنەر-كەسىپ، سودا-مۇئامىلىدىكى سەممىيىتىمىز بىزنى خەلقنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتۈرىدۇ. خەلقنىڭ ئىشەنچىسى بىزنى مۇۋەپپەقىيەتكە باشلايدۇ. بۇرنىمىزنىڭ ئۇچىنىلا كۆرۈپ هۈنەر-كەسىپ، سودا-مۇئامىلىدە ساختىلىق قىلساق، يالغان سۆزلىسەك ۋاقىتلىق ئازغىنە پايدىغا ئېرىشكىنىمىز بىلەن ئۇنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ، بەلكى زىيانغا ئۇچراپ تۇزۇپ كېتىشىمىز مۇمكىن.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: **«يالغانچىلىق بۇزۇقچىلىققا باشلايدۇ، بۇزۇقچىلىق دوزاخقا باشلايدۇ»** دېگەن هەدىسىنى هەرگىز ئۇنتۇپ قالمايلى! يالغانچىلىق، ساختىلىق بىزنى خەلقنىڭ نەپرىتىگە باشلايدۇ، خەلقنىڭ نەپرىتى بىزنى زىيانغا، ۋەيرانچىلىققا باشلايدۇ، بۇ گۇناهىمىز ئاخىرەتتە بىزنى دوزاخقا ئاپىرىپ تاشلايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«دىننىڭ ئاساسى سەممىي بولۇش»** دېگەندە، بىز: **«كىمگە سەممىي بولۇش؟»** دەپ سورىدۇق. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **«ئاللاھ تائالاغا، پەيغەمبەرگە، مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرىغا ۋە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا»** دەپ جاۋاب بەردى(مۇسلىم توپلىغان).

ئاللاھ تائالا هەممىمىزنى هەر ئىككى ئالەمدە سەممىي سادىق بەندىلەردىن قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: تۇرپان شەهرىدە جامە خاتىپى؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن هاجى)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى هەج خىزمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا خىزمەت زىيارىتىدە بولدى

ئۆز خەۋىرىمىز: سەئۇدى ئەرەبىستانى هەج ۋەزىرى فۇئاد ئابدۇسالام ئەلفارىسىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇھەممەد ئەلى يۇ جېنگۇي ئۆمەك باشلىقى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 3-مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن، جەمئىيىتىمىزنىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرىدىن ئىبراهىم خۇڭ چاگيۇ(قوشۇمچە باش كاتىپ)، مۇستاپا ياڭ جىبو، جۇڭگو خەلقئارا ئاۋىئاتسىيە شىركىتىدىن دوڭ بو ئۆمەك ئەزاسى بولۇپ تەشكىللەنگەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى هەج خىزمىتى ۋەكىللىرى ئۆمىكى 2007-يىلى 5-ئاينىڭ 4-كۈنىدىن 11-كۈنىگىچە سەئۇدى ئەرەبىستانىدا خىزمەت زىيارىتىدە بولۇپ، سەئۇدى ئەرەبىستانى هەج ۋازارىتى ۋە مۇناسىۋەتلىك تارماقلار بىلەن 2007-يىللىق(هىجرىيە 1428-يىللىق) هەج ئىشلىرى توغرىسىدا خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. ئۆمەك ئەزالىرى هەج ۋازارىتى، مەككە مۇكەررەمە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا هاجىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ئورگىنى، ئاپتوموبىل خىزمەت ئۇيۇشمىسى، مەدىنە هەج يېتەكچىلىك ئورگىنى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن كۆپ قېتىم خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزۈپ، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ئۈستىدە بىردەك تونۇشقا كەلدى. (ب)

# ئىسراپخورلۇق ئەخلاقنىڭ دۈشمىنى

ئەمەتجان ئابلىمىت

بسم الله الرحمن الرحيم

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**پەرۋەردىگارىڭ(بەندىلەرنى) ئەلۋەتتە كۆزىتىپ تۇرغۇچىدۇر.**

— سۈرە«ھىجر»(89 - سۈرە)، 14 - ئايەت

ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "**سۆزى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق مۇسۇلمانلارغا زىيان-زەخمەت يەتكۈزمىگەن ئادەم كامىل مۇسۇلمان ھېسابلىنىدۇ**"(بۇخارى توپلىغان).

ئەخلاقسىز ئادەم ياۋا مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى تۆكۈلگەندە كىشىلەر قاڭسىق ھەم ئاچچىقكەن دەپ كەتكەندەك، ئەخلاقسىز ئادەمنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن كىشىلەر سەسكىنىپ قاچىدۇ. ئەخلاقلىق ئادەم داڭلىق مېۋىلىك دەرەخكە ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ مېۋىسى تۆكۈلگەندە كىشىلەر لەززەتلەنگەندەك ئەخلاقلىق ئادەمنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن مەنپەئەتلىنىدۇ. بىزدە "ھايالىق كىشى باھالىق كىشى، ھايا بار يەردە ۋاپا بار" دېگەن گەپ بار. ھايالىق ئادەم يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇپ، گۈزەل ئىشلارنى قىلىدۇ.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: "**گۈزەل ئەخلاقلىق كىشى گۈزەل ئەخلاقى سەۋەبىدىن نەپلە ناماز ۋە نەپلە روزا ۋە كېچىلەردە ئىبادەت قىلغۇچىلار دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلەيدۇ**" دېگەن.

ئىبادەت قىلغۇچى ئىبادەتنى ئۆزى ئۈچۈن قىلىدۇ، ھالبۇكى ئىبادەت شۇ كىشىنىڭ ئەخلاق - پەزىلىتى بىلەن مەھكەم باغلىنىشى كېرەك. تەقۋا ھەم گۈزەل ئەخلاقلىق كىشىنىڭ ئەخلاقىدىن باشقىلار ئۈلگە ئېلىپ، ئەخلاقنى گۈزەللەشتۈرۈشكە ئاتلانسا بۇ كىشى تېخىمۇ زور ساۋاب، شاراپەت، ھۆرمەتكە ئېرىشىدۇ.

بىز ھازىر 21 - ئەسىردە ياشاۋاتىمىز. بۇ دەۋر ئىقتىساد دەۋرى، ئۇچۇر دەۋرى. زامان ھەر قانچە تەرەققىي قىلىپ كەتسىمۇ ئېتىقاد ۋە ئەخلاق يەنىلا ئىنسانلارنىڭ مەڭگۇ ئەمەل قىلىشىغا تېگىشلىك ھاياتلىق مىزانى بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. شۇڭا ئەقىدە - ئەخلاق ۋە يۇقىرى ساپا بۇ دەۋرنىڭ ھەر ئىنسانغا قويىدىغان ئەقەللىي تەلىپى ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ تائالا بىزگە تەپەككۇر قىلىدىغان مېڭە ۋە ھەر خىل مۇكەممەل ئىقتىدارغا ئىگە ئەزالارنى ئاتا قىلدى، بۇلارغا شۈكرى قىلىش، پىكىر قىلىش، ياراتقۇچىنى زىكرى قىلىش، ئادەملىك قىممىتىمىزنى تونۇپ، ئېتىقادىمىزنى تىكلەپ، ئەخلاقىمىزنى تۈزەپ، ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈپ، ياخشى ئىشلارغا ئالدىراپ، يامانلىقلاردىن قول ئۈزۈشىمىز كېرەك. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ.**

— سۈرە«زەلزەلە»(99 - سۈرە)، 7—8 - ئايەت

جەمئىيەت تەرەققىياتى، ماددىي تۇرمۇشىمىزنىڭ ياخشىلىنىشىغا ئەگىشىپ بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئەخلاقى زەئىپلىشىپ، ماددىي چۇشكۇنلۇككە، ئابرۇيپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىككە قاراپ يۈزلىنىپ ئىسراپخورلۇق قىلماقتا. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئۇلار (يەنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر) خىراجەت قىلغاندا ئىسراپچىلىقمۇ قىلمايدۇ، بېخىللىقمۇ قىلمايدۇ، ئوتتۇرا ھال خىراجەت قىلىدۇ.**

— سۈرە«فۇرقان»(25 - سۈرە)، 67 - ئايەت

ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇد رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ئىقتىسادچىللىق بىلەن ئىش كۆرگەن ئادەم كەمبەغەللىشىپ قالمايدۇ“** (ئەھمەد توپلىغان).

ھازىر بىزنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئەخلاقىمىز بۇزۇلغىلى تۇردى. بەزى ئەرلەر كىشىنىڭ غىدىقىنى كەلتۈرۈپ ئايالچە كىيىنىدىغان، بەزى خوتۇن - قىزلار ئۆزىنىڭ كىملىكىنى ئۇنتۇپ ئەرەنچە كىيىنىۋالىدىغان بولۇۋالدى. ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: **”پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاياللاردەك بولۇۋالغان ئەرلەرگە ۋە ئەرلەردەك بولۇۋالغان ئاياللارغا لەنەت قىلغان“** (بۇخارى توپلىغان).

بەزى خوتۇن - قىزلار ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادىتىمىزنى تاشلاپ، ياۋروپانى دوراپ ھاياسىز، يېرىم يالىڭاچ كىيىنىپ يۈرمەكتە. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:

**ئى پەيغەمبەر! ئاياللىرىڭغا، قىزلىرىڭغا ۋە مۆمىنلەرنىڭ ئاياللىرىغا ئېيتقىنكى، پۈركەنجە بىلەن بەدىنىنى ئورىۋالسۇن، بۇنداق قىلغاندا ئۇلارنىڭ (ھۆر ئاياللار ئىكەنلىكى) ئەڭ ئوڭاي تونۇلىدۇ-دە، باشقىلار ئۇلارغا چېقىلالمايدۇ.**

— سۈرە«ئەھزاب»(33 - سۈرە)، 59 - ئايەت

ئىمران ئىبنى ھۇسەيىن رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ھايا بەندە ئۈچۈن ھەممە ياخشىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ“** (بۇخارى توپلىغان).

ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **”ھەر قانداق نەرسىدە ھاياسىزلىق بولىدىكەن، ئۇ نەرسىنى سەتلەشتۈرىدۇ. ھەر قانداق نەرسىدە ھايالا بولىدىكەن، ئۇ نەرسىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ“** (تىرمىزى توپلىغان).

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بەزى قىزلار مۇقەددەس توي(نىكاھ ئوقۇلىدىغان) كۈنى توي كىيىمىنى ئىجارىگە ئېلىپ كىيمەكتە. ھالبۇكى، بۇنداق كىيىمنى غەربتىكى غەيرى مۇسۇلمان قىزلار مەخسۇس توي كۈنى چېركاۋغا كىيىپ بېرىش ئۈچۈنلا كىيىدۇ. ھەر بىر ئۇيغۇر قىزى ئۆزىنىڭ كىيىنىش قىياپىتىدىمۇ مۇسۇلمانلىقىنى ساقلىشى كېرەك. چۈنكى بۇ غۇرۇر مەسىلىسى، شۇنداقلا شەرەپلىك مەجبۇرىيەتتۇر. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئىلگىرىكى جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنىڭ ياسىنىپ چىققىنىدەك ياسىنىپ چىقماڭلار.**

— سۈرە «ئەھزاب»(33 - سۈرە)، 33 - ئايەت

ئېھتىياجىدىن ئارتۇق كىيىم - كېچەك، زىبۇزىننەت، سومكا، ئاياغ قاتارلىق ھەر خىل نەرسىلەر ئىسراپخورلۇقتۇر. سومكا زۆرۈر بىر نەرسە، بولۇپمۇ بۈگۈنكى ئۈچۈر دەۋرىدە يانفون قاتارلىق نەرسىلەرنى ئاياللار سومكىغا سالمىسا بولمايدۇ. لېكىن بۈگۈنكى كۈندە بەزى خوتۇن - قىزلار يېڭى شەكىلدىكى سومكا چىققان ھامان كونىسىنى تاشلاپ يېڭىسىغا ئېسىلىدۇ. مەن خوتۇن - قىزلارنى يېڭى سومكا ئاسماسلىقى كېرەك دېمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن ھالىغا بېقىپ مۇۋاپىق، پىلانلىق ئىش قىلىشى كېرەك.

ھازىر يەنە تۈگمەيۋاتقان ئېغىر بىر ئىسراپچىلىق شۇكى، تويلۇقنىڭ ئېشىپ كېتىشى سەۋەبىدىن يىگىتلەر پەرزىنى ۋاقتىدا ئادا قىلالمايۋاتىدۇ. خېلى ئوقۇمۇشلۇق ئاتا - ئانىلار تويلۇقنى ئاز كۆرگەنلىكتىن قىزلار ئولتۇرۇپ قېلىۋاتىدۇ. تويلاردا ئىشلىتىلىۋاتقان ماشىنىنىڭ ماركىسىنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ماشىنا سانىنىڭ ئېشىپ كېتىشى، توينىڭ يۈز ئاچقۇ كۈنى ئوغۇل تەرەپ قىز تەرەپتىن بىر قوي ئەكىلىشنى تەمە قىلىش، قۇدا - باجىلار ئارىسىدىكى بىر - بىرىگە ئۇششۇقلۇق قىلىش، بىر - بىرىنى كەمسىتىش... قاتارلىق ئىللەتلەر كىشىنى ئېچىندۇرماي قالمايدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ”شۈبھىسىزكى، نىكاھنىڭ ئەڭ بەرىكەتلىكى ئۇ نىكاھنىڭ چىقىم

**جەھەتتە ئەڭ ئاز بولغىنىدۇر".** قۇدا بولغۇچىلار جەمئىيەتنىڭ ناچار ھاۋاسىغا بېقىپ ئۆزئارا بەسلىشىش، ئابرۇيپەرەسلىك قىلىش، تەمەگەرلىك ئىللەتلىرىدىن قۇتۇلمىغىچە پەرزەنتلىرىنىڭ بەختىنى ھەقىقىي يارىتىپ بېرەلمەيدۇ ۋە تۈگىمەس باش ئاغرىقىدىن قۇتۇلالمايدۇ. تەمە قىلىش شەرىئەتتە چەكلەنگەن، ئىنساننىڭ كۆڭلى تارىيىپ، ئەخلاقى زەئىپلەشكەندە تەمە خۇرجۇنىنى ئارتىپ ساپايى چېلىشقا باشلايدۇ. بۇنداقلار ئاچكۆزلۈكلىرىگە چەك قويۇشى، تەمەگەرلىكتىن يىراق تۇرۇشى، ئەخلاقسىزلىق تىغى بىلەن تۇغقاندارچىلىق رىشتىنى ئۈزۈپ تاشلىماسلىقى كېرەك. بىزدە "تۇغقاننىڭ سېپى ئالتۇن" دېگەن گەپ بار.

يەنە شۇنداق بىر ئەھۋالمۇ باركى، بەزى ۋىجدانسىز ئەرلەر ئايالىنىڭ تەن سالامەتلىكى ياخشى چاغدا خىزمىتىگە سالىدۇ، ئايالى كېسەل بولۇپ قالسا ئايالىنى ئاتا-ئانىسىنىڭ داۋالىتىشىنى كۈتىدۇ. يېڭى بوۋاق كۆز ئاچقاندا ئوغۇل تەرەپتىن ئۈچ ئادەم كېلىپ ئىسىم قويىدىغان ئادەتىمىز ھازىر ھەشەمەت تۈسىنى ئېلىپ، ئوغۇل تەرەپ ئىسىم قويغىلى نۇرغۇن كىشىلەرنى باشلاپ كېلىپ، قىز تەرەپنى مول داستىخان راستلاشقا سېلىپ، يەپ-ئىچىپ ئىسراپ قىلىپ، بۇنى ئاز دەپ قىز تەرەپنى ماددىي جەھەتتىن چىقىمدار قىلماقتا.

ھازىر يەنە ئۆي بېزەكچىلىكىدىمۇ سۆلەتۋازلىق، مودا قوغلىشىش ئېغىر، بەزى شەھەرلىكلەر 100مىڭ يۈەنلەپ، يېزىلىقلارمۇ 40، 50 مىڭ يۈەنلەپ خەجلەپ، ھەتتا قەرز ئېلىپ ئۆي بېزەپ ئۆزلىرىگە ئىقتىسادىي بېسىم يۈكلىمەكتە، بۇ بېسىم تۈپەيلىدىن چىرايلىق ئۆيلىرى ئۆزلىرىگە ھۇزۇر بېرىش ئۇياقتا تۇرسۇن، كۆزلىرىگە سەت كۆرۈنمەكتە. نەچچە يىللاردىن كېيىن، قەرزلىرى تۈگىمەي تۇرۇپلا، ئۆيلىرى كونىراپ، پاسونى مودىدىن قېلىپ، بېزەكلىرى تۈگىمەس كۆڭۈل يارىسىغا ئايلانماقتا. ئۆي بېزەكچىلىكى زامانىۋى تۇرمۇش ئېقىمىنىڭ تەلىپى، شۇنداقتىمۇ ھەر ئىشنىڭ مۇۋاپىق، ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن قىلىنغىنى ياخشى. ئەگەر ئۇلارنىڭ ئىقتىسادى يۈكسىلىپ ھاللىق سەۋىيىگە يەتكەن بولسا ئابرۇي تالاشماي، كەمبەغەل ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا، قولۇم-قوشنىلىرىغا يار-يۆلەكتە بولغان بولسا، ھەسسىلەپ ساۋاب ھەمدە كىشىلەردىن ھۆرمەت تاپقان بولاتتى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىلگە (خەير-ساخاۋەتتىن) ھەققىنى بەرگىن، پۇل-مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا سەرپ قىلمىغىن. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر. شەيتان پەرۋەردىگارىغا تولىمۇ كۇفرانى نېمەت قىلغاندى.**

—— سۈرە«بەقەرە»(2-سۈرە)، 26-، 27-ئايەت

**قولۇڭنى بوينۇڭغا باغلىۋالمىغىن(يەنى بېخىللىق قىلمىغىن)، قولۇڭنى تولىمۇ ئېچىپمۇ ئەتمىگىن(يەنى ئىسراپ قىلمىغىن)، (ئۇنداق قىلساڭ پۇلسىز قېلىپ) مالامەتكە، پۇشايمانغا قالىسەن.**

—— سۈرە«بەنى ئىسرائىل»(17-سۈرە)، 29-ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"ئىسراپ قىلىش ھارام، پىلانلىق بولۇش ھاياتلىقنىڭ يېرىمىدۇر"** دېگەن.

ئۇزاق تارىختىن بېرى ئەمگەكچان خەلقىمىز ئىسلام نۇرى ئاستىدا ئېسىل خىسلەت، ئۆرپ-ئادەت، يۈكسەك مەدەنىيەت يارىتقان بولۇپ، مېھماندوستلۇقتا مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدا مەشھۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: **"كىمكى ئاللاھقا ۋە ئاخىرەتكە ئىمان كەلتۈرىدىكەن مېھمىنىنى ھۆرمەت قىلسۇن"** دېگەن (مۇسلىم توپلىغان). ئابدۇللا ئىبنى ئەمر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، بىر كىشى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: 'ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى خىسلەتلىرى نېمە؟' دەپ سورىدى، رەسۇلۇللاھ: **'كىشىلەرگە ئاش، نان بېرىش، تونۇيدىغان، تونۇمايدىغان ئادەملەرگىمۇ سالام قىلىش'** دەپ جاۋاب بەردى" (بۇخارى توپلىغان).

سەگەكلىك بىلەن شۇنى تونۇشىمىز كېرەككى، ئىجتىمائىي ئەخلاق بۇزۇلۇپ، بېيىغان بەزى كىشىلەر مېھماندارچىلىقنى ئىسراپچىلىق بىلەن بۇلغىماقتا. "ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس" دېگەندەك، بەزىلەر ھالىغا باقماي ئۇلارنى دوراپ، ئىسراپخورلۇق جامىدا مەي ئىچىپ، ئاخىر پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا يوق، زىيان ئازابىدا پۇچۇلىنىپ يۈرمەكتە.

ئائىلىلەردە تاماق ئەتكەندىمۇ خورۇچلارنى تەڭشەپ، ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىش لازىم. بىر تال

داننىڭ قانچىلىك زور ئەمگەك بىلەن تەييار بولىدىغانلىقىنى، تومۇزدا تونۇردەك لاۋۇلداپ تۇرىدىغان پىژغىرىم ئاپتاپتا ئاچ-توق يۈرۈپ ئىشلەيدىغان مېھنەتكەش دېھقاننىڭ شۇ دانلارنى توپا-ساماندىن ئايرىپ ئادالاپ چىققىدىغانلىقىنى ئېسىمىزدىن چىقارماي، ئاشلىقنىڭ قەدرىگە يېتىشىمىز لازىم.

ئىسراپچىلىق ئەمەلىيەتتە باشقىلارنىڭ ئەمگىكىنى زايە قىلغانلىق. ئاش-ناننى خارلاش بىزدە ئېغىر گۇناھ، ئاتا-بوۋىلىرىمىزدا "ئاش-ناننى خارلىساڭ ئۇنىڭ خارلىقىغا قالىسەن" دېگەن ھېكمەتلىك گەپ بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ.**

— سۈرە «ئەئراف» (7-سۈرە)، 31-ئايەت

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "ئىسراپ قىلماستىن ۋە چوڭچىلىق قىلماستىن يەڭلار، ئىچىڭلار، كىيىڭلار ۋە سەدىقە قىلىڭلار" (ئەھمەد توپلىغان).

ئاللاھ تائالا ئىقتىساد بىرسە ئۇنى ئىسراپ قىلماستىن بەلكى يوقسۇل، يېتىم-يېسىرلارنىڭ تويىنى قىلىپ قويۇشقا، مەسچىت، كۆۋرۈك سېلىشقا، ئاممىۋى ھاجەتخانا، مۇستەھەبخانا، مۇنچا سېلىشقا، يەر ئاستى ئەۋرەز يوللىرىنى ئوڭشاشقا، يول ياساپ قويۇشقا، ئېرىق-ئۆستەڭ سۈيىنى راۋانلاشتۇرۇشقا، دەل-دەرەخ، گۈل-گىياھ تىكىپ مۇھىتنى گۈزەللەشتۇرۇشكە، مەكتەپلەرنىڭ، دوختۇرخانىلارنىڭ، ساناتورىيەلەرنىڭ ئەسلىھەلىرىنى تولۇقلاپ بېرىشكە، كەمبەغەللەرگە تۇرمۇش بۇيۇملىرى ياردەم قىلىشقا، ئاپەتكە ئۇچرىغانلارغا ئىئانە بېرىشكە، كېسەللەرنى يوقلاشقا، كەمبەغەللەرنىڭ ئاخىرەتلىك بۇيۇملىرىنى تەييارلاپ بېرىشكە، مەسچىتكە گىلەم، جايناماز سېلىپ قويۇشقا، قىش كۈنلىرى موھتاجلارغا ئوتۇن-كۆمۈر ئېلىپ بېرىشكە... قىسقىسى ھاجەتمەن ئورۇن ۋە ئادەملەرگە نېمە ئەڭ كېرەكلىك بولسا شۇنى قۇدرىتىنىڭ يېتىشىچە ھازىرلاپ بېرىشكە سەرپ قىلىش كېرەك. ساۋابلىق ئىشلارغا بېخىللىق قىلىشتىن ھەرگىز پايدا يوق. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

**ئاللاھ تائالا ئۆز پەزلىدىن بەرگەن نەرسىلەرگە (يەنى پۇل-مالغا) بېخىللىق قىلىدىغانلار بېخىللىقنى ئۆزلىرى ئۈچۈن پايدىلىق دەپ گۇمان قىلمىسۇن. ئەمەلدە بۇ ئۇلار ئۈچۈن زىيانلىقتۇر. ئۇلارنىڭ بېخىللىق قىلغان نەرسىسى قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ بوينىغا تاقاق قىلىپ سېلىنىدۇ. ئاسمانلارنىڭ ۋە يەرنىڭ مىراسى ئاللاھنىڭدۇر (يەنى كائىناتتىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلۈكى بولۇپ، ئۇلار پانىي بولغاندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتىدۇ)، ئاللاھ قىلغان ئەمەللىرىڭلاردىن خەۋەرداردۇر.**

— سۈرە «ئال ئىمران» (3-سۈرە)، 180-ئايەت

**كىمكى (دۇنيادا) ياخشى ئىش قىلسا ئۇ ئۆزىنىڭ پايدىسى ئۈچۈن قىلىدۇ، كىمكى يامان ئىش قىلسا، ئۇ ئۆزىنىڭ زىيىنى ئۈچۈن قىلىدۇ.**

— سۈرە «جاسىيە» (45-سۈرە)، 15-ئايەت

**(دۇنيادا سىلەرگە بېرىلگەن) نېمەتلەردىن سوئال-سوراق قىلىنىسىلەر.**

— سۈرە «تەكاسۇر» (102-سۈرە)، 8-ئايەت

**سىلەر قانداقلىكى ياخشى ئەمەلنى قىلساڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرىدۇ.**

— سۈرە «بەقەرە» (2-سۈرە)، 197-ئايەت

خۇلاسە كالام، بىز مۇسۇلمانلار ئىسلامىيەتنىڭ شۆھرىتىنى خۇنۇكلەشتۈرمەي، ئاللاھ تائالانىڭ بۇيرۇقىغا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ يېتەكلىشىگە ئەمەل قىلىشىمىز لازىم. دۇنيانىڭ مىسلىسىز تەرەققىي قىلىشى تۈرتكىسىدە زامانىۋى تۇرمۇش ئېقىمى ئىنسانىيەتكە كەڭ قۇچاق ئاچماقتا. زامانىۋى تۇرمۇش قايىنىمىدا ھەر بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ ئېتىقاد ۋە ئەخلاقىنى قوغداشقا يۇكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپى ھەمدە تىرىكچىلىك ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقا تىرىشىشى لازىم. مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ئۈچۈن ئەرزىمەس ئىشلار بىلەن بىھۇدە ۋاقىت ئىسراپچىلىقى ۋە ماددىي ئىسراپچىلىقتىن ساقلىنىشى لازىم.

(ئاپتور: قەشقەر شەھرىدىن؛

تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# نىزامىيە مەدرىسە

شەمشىدىن ھاجى

مىلادىيە 1063 ـ يىلى باغداد شەھرىنىڭ يېنىدىكى تىگرىس دەرياسى بويىغا تەسىس قىلىنغان نىزامىيە مەدرىسە ئىسلام دۇنياسىدا قەدىمىي ۋە نوپۇزلۇق، ئوتتۇرا ئەسىردىكى مەشھۇر ئىسلام ئالىي بىلىم يۇرتى ۋە ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت مەركىزىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ نامى ئەرەبچە«مەدرىسەئى نىزامىيە» دەپ ئاتىلىدۇ. بىر مۇنچە غەرب ئالىملىرى بۇ مەدرىسەنى مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىكى تۇنجى ھەقىقىي ئۇنىۋېرسىتېت دەپ قارايدۇ.

مەزكۇر مەدرىسەنى 1063 ـ يىلى تۈرك سالجۇقلار سۇلالىسىنىڭ سۇلتانى ئالىپ ئارسلانخاننىڭ يارلىق چۈشۈرۈشى بىلەن مەزكۇر سۇلالىنىڭ باش ۋەزىرى نىزامۇل مۇلك مەسئۇل بولۇپ، ناھايىتى كۆپ مەبلەغ ئاجرىتىپ تەسىس قىلغان ۋە مەزكۇر مەدرىسەنىڭ نامىنى ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ''نىزامىيە مەدرىسە'' دەپ ئاتىغان. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئىراقتىكى بەسرە، مۇسۇللاردا، شۇنداقلا نىشاپۇر، بەلخ، ھىرات، ئىسپاھان قاتارلىق جايلاردا نىزامىيە نامى بىلەن نۇرغۇن مەدرىسەلەرنى تەسىس قىلغان ۋە ھەممە مەدرىسەلەردە كۇتۇبخانا بەرپا قىلغان.

نىزامۇل مۇلك(1141 ـ 1209) (مەزكۇر نام ''پادىشاھلىق نىزامى'' دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسلى ئىسمى ھەسەن ئىبنى ئەلى ئىبنى ئىسھاق تۇسى) سالجۇقلار سۇلالىسىنىڭ مەشھۇر سىياسىئونى، ئىسلام ئىلىم ـ مەدەنىيىتىنىڭ كۈچلۈك مەدەتكارى بولۇپ، ئىراننىڭ تۇس شەھرىدە تۇغۇلغان. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى ئالىملاردىن ئۆمەر ھەييام ۋە ھەسەن ئىبنى ساباھلار بىلەن قەدىناس دوست ئىدى. ئۇ مول بىلىملىك زات بولۇپ، ئىلمى كالام، ئىلمى تارىخ، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە بىلىملىرىگە كامىل، پارس، ئەرەب تىللىرىغا مۇكەممەل ئىدى. ئۇ مائارىپ ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشقا، ئىسلام مەدەنىيىتىنى تارقىتىشقا، ئىلمىي تەتقىقاتنى يۈكسەلدۈرۈشكە، ھەر خىل ئىلىم ـ پەننى روناق تاپقۇزۇشقا ئىنتايىن ئەھمىيەت بەرگەنىدى. نىزامىيە مەدرىسىنىڭ تەسىس قىلىنىشى ئۇنىڭ ئىلىم ـ پەن ۋە مائارىپقا ئەھمىيەت بەرگەنلىكىنىڭ بىر نامايەندىسى ھېسابلىنىدۇ. مەزكۇر مەدرىسەنى تەسىس قىلىشقا يارلىق چۈشۈرگەن ئالىپ ئارسلانخاننىڭ ئەسلى ئىسمى مۇھەممەد ئەبۇ شۇجار بولۇپ، ئارىب ئارسلان ئۇنىڭ ''باتۇر شىر'' مەنىسىدىكى خانلىق نامىدۇر. ئۇ زاتمۇ ئىسلاھاتچى، مەرىپەتپەرۋەر بولۇپ، نۇرغۇن دىنىي مەكتەپلەرنى تەسىس قىلغان، ئىسلام مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرغان، ئىلىم ـ پەن، مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا ياردەم بەرگەن نوپۇزلۇق زات ئىدى.

ئەرەب ئالىملىرىنىڭ ئېنىقلىشىچە، مەزكۇر مەدرىسە ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى ئابدۇللا مەئمۇن (813 ـ 833) مىلادىيە 830 ـ يىلى يارلىق چۈشۈرۈپ باغدادتا تەسىس قىلغان ''بەيتۇل ھېكمەت''نىڭ ئىلىم ـ پەن ئەنئەنىسىگە تەقلىد قىلىپ تەسىس قىلىنغان ئۇنىۋېرسال ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسى مەقسىتى سۈننىي مەزھىپىنىڭ ئەقىدە تەلىماتىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىسلام ئىلىم ـ پىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تارقىتىش، ئالىي دەرىجىلىك ئۆلىما، مۇپتى ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى يېتىشتۈرۈشتىن ئىبارەت ئىدى. غەرب تارىخشۇناسلىرى بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنى ئىسلام ئىلاھىيەت دارىلفۇنۇنلىرىنىڭ ئۈلگىسى دەپ ئاتاشتى. بۇ مەكتەپنىڭ ياتاقلىرى كەڭتاشا، ئەسلىھەلىرى تولۇق بولۇپ، مەكتەپ قارمىقىدا مەسچىت ۋە چوڭ كۆلەملىك كۇتۇپخانا بار ئىدى.

بۇ مەكتەپتە 1063 ـ يىلى دەرس باشلانغان، تەسىس قىلىنغان دەرسلەر، دىنىي دەرسلەردىن: ئىلمى قۇرئان، ئىلمى ھەدىس، ئىلمى كالام، ئىلمى فىقھە، پەلسەپە قاتارلىقلار بولۇپ، ئاساسلىقى ئەبۇل ھەسەن

ئەشئەرىنىڭ يېڭى ئىلمى كالامى ۋە شافىئىي مەزھىپىنىڭ ئىلمىي فىقھە دەرسلىرى ئۆتۈلەتتى. مەدەنىيەت دەرسلىرىدىن: ئەرەب تىلى گىراماتىكىسى، ئىستىلىستىكا، تارىخ، جۇغراپىيە، ئەدەبىيات، ئاسترونومىيە(ئىلمى تەقۋىم) ۋە تېبابەتچىلىك قاتارلىقلار ئۆتۈلەتتى. شۇنداقلا مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەر ھەققىدە مەخسۇس تېمىلار بويىچە لېكسىيىلەر بېرىلەتتى. فاتىمىيە سۇلالىسى مىسىردا تەسىس قىلغان جامىئە ئەزھەردە ئەينى ۋاقىتتا شىئەلەر ئەقىدىلىرى تەرغىب قىلىنىدىغانلىقى ئۈچۈن بۇنىڭغا قارشى ھالدا نىزامىيە مەدرىسىنىڭ ئوقۇتۇشىدا سۈننىيلارنىڭ ئەقىدىلىرى، فىقھە ئىدىيىسى ۋە پەلسەپە نۇقتىئىنەزەرلىرى ئۆگىتىلەتتى. مەزكۇر مەدرىسە مۇكەممەل ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى، قابىل ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىغا ئىگە ئىدى، شۇنداقلا بىر تۈركۈم مەشھۇر سۈننىي مەزھىپى ئۆلىمالىرى ۋە ئەللامەلىرىنى يۇقىرى مائاش بىلەن تەكلىپ قىلىپ دەرس ئۆتكۈزەتتى. مەسىلەن، سۈننىي مەزھىپىنىڭ مەشھۇر ئۆلىماسى ئەل غەززالىنى ئىلمى كالام ۋە پەلسەپە دەرسىنى سۆزلەشكە، شافىئىي مەزھىپىنىڭ فىقھەشۇناسى ئەبۇ ئىسھاق شىرازى (1083 ـ ؟)نى فىقھە دەرسىنى سۆزلەشكە، ئىرۇسالىمنىڭ مەشھۇر قارىسى بەھائىددىن ئىبنى سادەتنى فىقھە ۋە تارىخ سۆزلەشكە تەكلىپ قىلغانىدى. مەزكۇر مەدرىسە ئىسلام ئىلىم ـ مەدەنىيەت تەتقىقاتى ئېلىپ بېرىشنى، ئالىملارنىڭ ئەسەر يېزىپ تەلىمات يارىتىشنى يۈكسەلدۈرۈشنى تەشەببۇس قىلاتتى، دائىم تۈرلۈك ئىلمىي مۇھاكىمە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئىلمىي كۆزقاراشلارنى ئالماشتۇراتتى. شۇنداقلا نىشاپۇر، بەسرە، موسۇل ۋە ئىسپاھانلاردا تەسىس قىلىنغان ئۆزى بىلەن ئوخشاش نامدىكى مەدرىسەلەر بىلەن ئىلمىي ئىشلار جەھەتتىن ئالاقە قىلاتتى، ئۇلارغا ئۇستاز يېتىشتۈرۈپ بېرەتتى ھەمدە خادىملىرىنى ئەۋەتىپ ھەر قايسى مەدرىسەلەرنىڭ ئوقۇتۇش ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلاتتى، بۇ ئارقىلىق مەزكۇر مەدرىسە ئەينى ۋاقىتتىكى سۈننىيلارنىڭ دىنىي مائارىپى ۋە ئىلىم ـ مەدەنىيىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ قالغانىدى. مەدرىسە مەسئۇللىرىنى نىزامۇل مۇلك سالجۇقلار سۇلالىسىغا ۋاكالىتەن بىۋاستە تەيىنلەيتتى ھەمدە ئوقۇتۇش ۋە تۇرمۇش جەھەتتە ئۇستاز ـ خادىملار، تالىپلار ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك بىر يۈرۈش قائىدە ـ تۈزۈملەرنى تۈزۈپ چىققانىدى. مەدرىسە راسخوتىنىڭ كۆپىنچىسى سۇلالە ئوردىسى بەيتۇلمال (دۆلەت خەزىنىسى)دىن بېرىلەتتى، تالىپلار ئوقۇش مۇكاپات پۇلى ۋە ھەقسىز ياتاقتىن بەھرىمەن بولاتتى. مەدرىسە ھېسابىدا نۇرغۇن فوند ۋە كۆچمە مۈلۈك بولۇپ، بۇلار ئۇستاز ۋە تالىپلار تەمىناتىنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى ئىدى.

12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرى مەشھۇر ساياھەتچى ئىبنى جۇبەير نىزامىيە مەدرىسىنى ئېكسكۇرسىيە قىلغانىكەن. ئۇ «جۇبەير ساياھەت خاتىرىسى»دە مۇنداق بايان قىلىدۇ: "باغدادتا 30 مەدرىسە بولۇپ، ھەممىسى شەرقىي قوۋۇقنىڭ ئىچىدە ئىكەن، ھەر بىر مەدرىسە گويا بىر گۈزەل ئوردىغا ئوخشايدىكەن، بۇ مەدرىسەلەرنىڭ ئەڭ چوڭى نىزامىيە مەدرىسە ئىكەن. ھەممىلا مەدرىسەنىڭ نۇرغۇن فوندى ۋە مۇقىم مۈلۈكى بولۇپ، مۇدەررىسلەر ۋە تالىپلارنىڭ تەمىناتىغا ئىشلىتىلىدىكەن. مېنىڭ باغدات شەھرىدە تۇنجى رەت ئاڭلىغان دەرسىم شافىئىي مەزھىپىنىڭ شەيخى غەزۋىنىنىڭ تەبلىغى بولدى، ئۇ نىزامىيە مەدرىسىنىڭ فىقھە مۇدەررىسى، شۇنداقلا ئىسلام پەلسەپىسىنىڭ پېشۋاسى ئىدى. جۈمە كۈنى نامازدىگەردىن كېيىن مەن نىزامىيە مەدرىسىگە بېرىپ ئۇنىڭ تەبلىغىنى ئاڭلىدىم. ئۇ پەشتاقتا(دەرس مۇنبىرىگە) چىققاندىن كېيىن قارىيلار قىرائەت قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ ئاۋازى شۇنچە زىل ۋە يېقىملىق ئىدى. ئۇلارنىڭ ھېسسىيات ئىپادىسى شۇنچە جانلىق بولۇپ كىشىنى ھاياجانلاندۇراتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن شەيخ تەبلىغ قىلىشقا باشلىدى، ئۇ تەمكىن، سورلۇق قىياپەتتە كىتابلاردىن نەقىل ئېلىپ ئىمكانقەدەر تولۇق شەرھلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن تەبلىغ ئاڭلىغۇچىلار سوئاللارنى قويۇشتى، ئۇ بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى، ھەرگىز زېرىكمەي تەلىم قىلدى. تەبلىغ ئاڭلىغۇچىلاردىن نۇرغۇنلىرى سوئاللىرىنى قەغەزگە يېزىپ ئۇنىڭغا بەرگەندى، ئۇ بۇ قەغەزلەرنى يىغىۋېلىپ ئاندىن بىر ـ بىرلەپ جاۋاب بەردى. ئۇ تەبلىغ قىلىپ بولغاندا كەچ بولۇپ كەتكەندى. ئۇ مۇنبەردىن چۈشكەندىن كېيىن تەبلىغ ئاڭلىغۇچىلار ئاندىن تارقاشتى"(ئىبنى

جۇبەير: «جۇبەير ساياھەت خاتىرىسى» ئىراقتا دائىر قىسمى. ئابدۇرەھمان ناجۇڭنىڭ «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى» 2 ـ قىسىم، 238 ـ بەتتە كەلتۈرۈلگەن نەقىل).

14 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىبنى بەتتۇتە باغداتنى زىيارەت قىلغاندا بۇ مەدرىسە تېخىچە مەۋجۇت ئىدى. ئۇ: "نىزامىيە مەدرىسىنىڭ ھەيۋىتى ئاللىبۇرۇن دۇنياغا مەشھۇر بولغان" دېگەنىدى.

غەرب ئەللىرىدە تېخى ئالىي بىلىم يۇرتى—— ئۇنىۋېرسىتېت مەيدانغا كەلمىگەن چاغدا بارلىققا كەلگەن بۇ ئۇنىۋېرسىتېت—— نىزامىيە مەدرىسى(نىزامىيە ئۇنىۋېرسىتېتى) سالجۇقلار سۇلالىسى ۋە ئابباسىيلار سۇلالىسىغا زور تۈركۈم دىنىي ئۆلىما، قازى، ئالىم، تېۋىپ ۋە مەمۇرىي ئەمەلدارلارنى يېتىشتۈرۈپ بېرىپ، ئىسلام ئىلىم ـ مەدەنىيىتىنى روناق تاپقۇزۇش ۋە تارقىتىش جەھەتتە ناھايىتى زور رول ئوينىدى. 1395 ـ يىلىغا كەلگەندە بۇ مەدرىسە باغداتتىكى مۇستەنسىرىيە مەدرىسىگە قوشۇۋېتىلىپ داۋاملىق تۆردە سۈننىي مەزھىپى ئەقىدىلىرى ۋە فىقھەشۇناسلىقى تەشەببۇسلىرىنى تارقاتتى.

پايدىلانغان ئەسەرلەر:
1. «جۇڭگو ئىسلام قامۇسى» (خەنزۇچە)، سىچۈەن لۇغەت نەشرىياتى، 1994-يىل 1-نەشرى
2. ئابدۇرەھمان : «ئەرەب ئومۇمىي تارىخى»(خەنزۇچە) 2-قىسىم، سودا نەشرىياتى، 1999-يىل 1-نەشرى.
3. «قىسقىچە بىرىتانىيە قامۇسى» (خەنزۇچە)6-توم، جۇڭگو قامۇس نەشرىياتى 1986-يىل 1-نەشرى.
4. گېئورگى E كىرك: «قىسقىچە ئوتتۇرا شەرق تارىخى» (خەنزۇچە) 1-قىسىم، خۇبېي خەلق نەشرىياتى 1975-يىل 1-نەشرى.
5. جىن يىجۇ: «ئىسلام دىنى لۇغىتى» (خەنزۇچە)، شاڭخەي لۇغەت نەشرىياتى 1997-يىل 1-نەشرى.

(بېشى 57 ـ بەتتە)

مەبلەغ يىغىلىپ، كۆلىمى 520 كۋادرات مېتىرلىق، قورۇلمىسى خىش، بېتونلۇق ئىككى قەۋەتلىك مەسچىت، مەسچىتنىڭ ئالدىغا كوچىغا قارىتىپ 7 ئېغىز دۇكان، پەشتاق، مۇنار ياسىلىپ تېخىمۇ ھەيۋەتلىك يېڭى مەسچىت سېلىندى. مەسچىتنىڭ كەينىدىكى كۆلىمى 800 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان جايغا ئىككى قەۋەتلىك مېھمانخانا ۋە مۇستەھەبخانا قاتارلىقلار سېلىندى. مەزكۇر مەسچىتنىڭ ئالدى چوڭ كوچىغا قارىتىلغان بولغاچقا، تولىمۇ كۆركەم، ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. شۇنداقلا مەزكۇر مەسچىت دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىن كەلگەن ساياھەتچىلەر زىيارەت قىلىدىغان نۇقتا بولۇپ قالدى. ھازىر بۇ مەسچىتتە شەھەر ۋە شەھەر ئەتراپىدىن كەلگەن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلار ئاممىسىدىن 1200 ـ 1500 ئادەم جۈمە نامىزى، روزا ھېيت، قۇربان ھېيت نامىزى ئوقۇيدىغان ھەمدە دىنىي ئۆلىمالار مەرىپەت ئېيتىپ، دىنىي ئەقىدە ـ ئەھكاملاردىن، زامانىۋى ئىلمىي بىلىملەردىن ساۋات سۆزلەيدىغان، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ۋە مىللىي سىياسىتىنى تەشۋىق قىلىدىغان، مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ ئەتراپلىق بىلىمگە ئىگە بولۇپ، ئۆز ساپاسىنى ئۆستۈرۈشىنى تەرغىب قىلىدىغان دىنىي پائالىيەت سورۇنى بولۇپ قالدى.

1992 ـ يىلدىن 1994 ـ يىلغىچە ھاجى مۇھەممەد ئېلى ھاجى مەسچىتنىڭ مۇتىۋەللىسى بولغاندا پەشتاقنىڭ ئاستى دەرۋازىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى تامغا «قۇتادغۇبىلىك»تىن كۆچۈرۈپ تۆۋەندىكىلەرنى يازغانىدى:

ئەقىل كۆپ كېرەكتۇر، تاللاشقا كىشى،
بىلىم بەك كېرەكتۇر، قىلىشقا ئىشى.
يۇر، ياخشىلىق قىل، ئەي ياخشى كىشى،
ئوڭۇشلۇق ھامان ياخشىنىڭ ئىشى.
بىلىم بايلىق ئول گادايلاشمايدىغان،
قاراقچى ۋە ئوغرى ئالالمايدىغان.
يوسۇنسىز، ئەقىلسىز، قىلىقسىز كىشى،
يوسۇنلۇقنى كۆرسە گاڭگىرار بېشى.
ئىپار بىرلە بىلىم كېتەر ئوخشىشىپ،
تۇتۇپ بولماس ئۇنى ئۆزدە يوشۇرۇپ.
غاپىل بولما، ھايات بىلىنمەي ئۆتەر،
ۋاقىت ـ كۈنىمۇ ھېچ چاغ قايتماسقا كېتەر.
—— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

(ئاپتور: قۇمۇل شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# موللا سادىق ئەلەم كاشغەرى

مۇھەممەدجان قۇتلۇق تېكىن

قەشقەرلىك ئاتاقلىق ئۆلىما موللا سادىق ئەلەم كاشغەرى (ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات سەھىپىسىدە نامى زىكرى قىلىنغان موللا سادىق قەشقەرى دېگەن زات) تەخمىنەن 1725 - يىللىرى[1] قەشقەر شەھىرىنىڭ يارباغ مەھەللىسىدىكى موللا شاھ ئەلەم ئاخۇنۇم ئاتلىق مەشھۇر ئۆلىمانىڭ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ دەسلەپكى مەلۇماتنى دادىسى شاھ ئەلەم ئاخۇنۇمدىن ۋە مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپلەردە ئالغان، كېيىن تېخىمۇ يۇقىرىلاپ ئوقۇش ئۈچۈن دادىسىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن قەشقەر شەھىرىگە تەۋە دۆلەتباغ يېزىسىدىكى مەشھۇر بىلىم مەركەزلىرىدىن بولغان مەدرىسەئى ھامدىيەدە ئوقۇغان. بۇ يەردە ئۇ ئەرەب، پارس تىللىرى بويىچە تىل، ھېندەسە، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئاسترونومىيە ھەمدە ئىسلام دىنى بىلىملىرىدىن شەرىئەت ئىلمى، قۇرئان كەرىم تەپسىرى، ھەدىس شەرىف قاتارلىقلاردىن بىر قەدەر سىستېمىلىق بىلىم ئۆگىنىپ، ئۆز زامانىسىدىكى كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلىم ئەھلى، موللا ئۆلىما بولۇپ يېتىشىپ ئىلمىي كامالەت ۋە قەلەمىي ئىقتىدارنى قولغا كەلتۈرگەن.

موللا سادىق ئەلەم ئۆزىنىڭ قۇرئان كەرىمنى پىششىق بىلىشى ۋە يۇقىرى سەۋىيىسى، تەپسىر ئىلمىدىكى ماھىرلىقى، شەرىئەت قانۇنلىرىغا كامىل بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقى بىلەن قەشقەر خانلىق مەدرىسىگە مۇدەررىس، چاپان بازىرىدىكى جامە قەدىمىيگە خاتىپ بولغان بولۇپ، ئۇستازلىق سالاھىيىتى بىلەن ئىقتىدارلىق مىڭلىغان تالىبۇل ئىلىملەرنى يېتىشتۈرگەن، ئۆز زامانىسىدىكى تەڭداشسىز مۆتىۋەر ئۆلىما سۈپىتىدە پۈتكۈل جەنۇبىي شىنجاڭ دائىرىسىدە مۆھۈردار قازى ئەلەم بولغان.

موللا سادىق ئەلەم ئاخۇنۇم ئىلىم جەھەتتە تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىلمى مۇھاكىمە ۋە كىتاب تەسنىپ قىلىش بىلەن مەشغۇل بولغان بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تارىخ، ئەدەبىيات ۋە ئەخلاق ئىلمىي قاتارلىق ساھەلىرىگە زور تۆھپە قوشقان ئالىملارنىڭ بىرى.

ئەينى دەۋردىكى قەشقەرنىڭ ھاكىم بېگى مىرزا ئوسمان بەگ ۋە ئۇنىڭ ئانىسى رەھىمخان ئاغىچا موللا سادىق ئەلەمنىڭ ئىلمىي مەلۇماتى، قەلەم قۇۋۋىتىنى كۆرگەندىن كېيىن ئۇنىڭغا ئىخلاس قىلغان ۋە ئالىمغا قەشقەر دىيارىدىكى مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەزكىرىلىرىنى يېزىپ چىقىشنى تەكلىپ - تەۋسىيە قىلغان. موللا سادىق ئەلەم ھاكىم ۋە ئاغىچىلارنىڭ تەۋسىيىسىگە ئاساسەن «تەزكىرەئى ئەزىزان» (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى) ناملىق چوڭ ھەجىملىك كىتابنى يېزىپ چىققان. مەختۇم ئەزەم ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادىنىڭ ھەر خىل پائالىيەتلىرى، ئەينى ۋاقىتتىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەر ۋە خەلقنىڭ ئەھۋالى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بۇ كىتابنىڭ ھازىر ئۈچ خىل قوليازمىسى بار، بىرى 1785—1786 - يىللىرى كۆچۈرۈلگەن، يەنە بىرى 1836 - يىلى كۆچۈرۈلگەن، ئۈچىنچىسى 1929 - يىلى كۆچۈرۈلگەن. بۇ نۇسخىلارنىڭ تولۇق نۇسخىسىدىن بىرى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى.

موللا سادىق ئەلەم تەقۋادار ئىسلام ئالىمى بولغاچقا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر ئىسلامى ئىلمى ۋە ئەقىل قۇۋۋىتى ئارقىلىق قۇرئان كەرىم ھېكمەتلىرى، ھەدىس شەرىف، ئىسلام دىنىنىڭ ئەھكاملىرىنى كەڭ ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىغا چۈشىنىشلىك قىلىپ تەبلىغ - ئەھكام قىلىش مەقسىتىدە ئىسلامنىڭ ئاساسىي رۇكنلىرى ۋە مىزانلىرىنى مەزمۇن قىلغان ھالدا 1792—1793 - يىللىرى ئەتراپىدا «ئاساسۇل ئىسلام» (ئىسلامنىڭ ئاساسلىرى) دېگەن كىتابنى ۋە يەنە «كەشفۇل قۇلۇب» (دىلنى ئاچقۇچى) ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

موللا سادىق ئەلەم ئۈچ يىل رىيازەت چېكىپ 1795 - يىللىرى ئەتراپىدا ئەينى دەۋردىكى قەشقەر

[1] موللا سادىق ئەلەم كاشغەرىنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى توغرىسىدا مىلادىيە 1725—1726 - يىللىرى ۋە 1740 - يىلى دېگەن ئىككى خىل قاراش مەۋجۇد.

ھاكىمى يۇنۇس تاجبەگ ئىبنى ئىسكەندەر بەگنىڭ ھاۋالىسى ھەمدە قىزغىن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا دۇنيا تارىخى ۋە ئىسلام تارىخىدىكى نوپۇزلۇق ئەسەرلەرنىڭ بىرى بولغان «تارىخى تەبەرى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنى «تەرجىمەئى تارىخى تەبەرى» نامىدا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئەرەب ئالىمى مۇھەممەد ئىبن جۇۋەيرى ئىبنى جەرىر تەبەرى(تەخەللۇسى ئەبۇ جەئفەر) ھىجرىيە 224 - يىلى(مىلادىيە 838 - يىلى) تۇغۇلۇپ، ھىجرىيە 310 - يىلى(مىلادىيە 923 - يىلى) ۋاپات بولغان. ئۇنىڭ مەشھۇر ئەسىرى «تارىخى تەبەرى»دە نۇھ ئەلەيھىسسالام زامانىسىدىن تارتىپ تاكى مۇئەللىپنىڭ دەۋرىگىچە بولغان تارىخىي مەسىلىلەر، ۋەقەلەر، مەشھۇر شەخسلەر، بولۇپمۇ ئىسلام تارىخى، ئوتتۇرا ئاسىيا، ماۋەرائۇننەھىر تەۋەسىدىكى جايلارنىڭ تارىخىي ۋەقەلىرى تەپسىلىي خاتىرىلەنگەن بولۇپ، ئالىم موللا سادىق ئەلەم ئۇنى تەرجىمە قىلىش جەريانىدا ئۆزىنىڭ مول بىلىمى ئارقىلىق بۇ تەرجىمىنى ئۆزلەشتۈرمە تەرجىمە قىلغان ۋە ئىجادىي ھالدا ئۇنىڭغا ئىككى باب قوشقان. كىتاب يېزىلىپ تاماملانغاندىن كېيىن، بۇ ئەسەرنىڭ تەرجىمە ۋە تۈزۈلۈشلىرىگە يېتەكچىلىك قىلغان ھەم ئۇنى قىزغىن قوللىغان ئىسكەندەر بەگنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن بۇ ئەسەرگە «تارىخى ئىسكەندەرىيە ۋە تاجنامەئى شاھى» (ئىسكەندەر خانلىقى تارىخى ۋە شاھلار تاجنامىسى) دەپ ئىسىم قويغان.

موللا سادىق ئەلەم يەنە ئىسكەندەر بەگنىڭ ھاۋالىسى ھەمدە قىزغىن قوللىشى بىلەن مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كوراگاننىڭ مەشھۇر تارىخى ئەسىرى «تارىخى رەشىدى»ناملىق كىتابىنى پارس تىلىدىن ئەينى دەۋردىكى قەشقەر تىلى يەنى چاغاتاي ئۇيغۇر تىلى ئاساسىدا تەرجىمە قىلىپ تاماملىغان.

موللا سادىق ئەلەم ھىجرىيە 1260 - يىلى (مىلادىيە 1844 - يىلى) ئىسلامىي ئىلىملەرنى مەزمۇن قىلغان «زۇدەتۇل مەسائىل ۋە ئەقائىد» (مەسىلىلەرنىڭ جەۋھىرى ۋە ئەقىدىلىرى)، دىنىي ئەھكام ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەخلاق كۆز قارىشى ۋە ئەخلاق ئۆلچىمىنى مەركەز قىلغان «ئادابۇسسالىھىن» (ياخشى كىشىلەرنىڭ ئەدەپ - ئەخلاقى)، ئىنسان ۋە ئىنسان تەبىئەتلىرى، خۇلقى، مىجەز - خاراكتېرى ھەققىدىكى ئىلمىي قىياپەتكە دائىر توپلىغان بىلىم، چۈشەنچە، قىياس، تەسەۋۋۇرلىرىغا ئاساسەن «قىياپەتۇل بەشەر» (ئىنساننىڭ قىياپەت تۈرقى) ناملىق ئەسەرنى، يەنە ھەر خىل ھۈنەر كەسىپلەرگە دائىر، ئىسلامىي ئېتىقاد ۋە ئىسلامىي چۈشەنچىگە ئاساسەن ئىسلام ئەقىدىسىگە مۇۋاپىق بولغان «رىسالەئى كەسىپدار» (كەسىپدارلار رىسالىسى) ناملىق كىتابلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ يەنە قۇرئان كەرىمنىڭ 18 - سۈرىسى يەنى 110 ئايەتلىك «كەھف» سۈرىسىدىكى ئاللاھنىڭ قۇدرەت كامالىنىڭ ۋەقەلىرى ئىچىدىكى ئەڭ قىزىق ۋەقەلەرنى ئاساس قىلغان ھالدا «تەزكىرەئى ئەسھابۇل كەھف»(غار كىشىلىرى تەزكىرىسى) ناملىق ئەسەرنى يېزىپ چىققان.

موللا سادىق ئەلەم ئۆزۈن مەزگىلدىكى مۇدەررىسلىك ۋە ئىلمىي تەتقىقات ئىشلىرىغا ئاساسەن، چوڭقۇر ئىخلاس مۇھەببىتى بىلەن قۇرئان كەرىمنىڭ چوڭ ھەجىملىك تەرجىمە تەپسىرىنى ئىشلەپ چىققان.

موللا سادىق ئەلەم ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە تىللارنى پىششىق بىلگەنلىكى ئۈچۈن نۇرغۇن كلاسسىك ئالىملار، شائىر - ئەدىبلەرگە، بولۇپمۇ ئەلىشىر نەۋائى قاتارلىقلارغا بولغان ئېشتىياقىنى چىقىش قىلىپ، بۇ ئەسەرلەردىكى ئەرەبچە، پارسچە، ئوردۇچە سۆزلەرنى، جۈملىلەرنى، ئۇيغۇرچە سۆزلەرنى يېشىش، مەنىلىرىنى چوڭقۇرلاپ چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن چوڭ ھەجىملىك «مۇكاشىفۇل لۇغەت» (سۆزلەرنى يېشىش) ناملىق سېلىشتۇرما لۇغەتنى تۈزگەن.

تونۇلغان ئىسلام ئالىمى، مەشھۇر ئەدىب موللا سادىق ئەلەم ئەقلى ۋە ماھارىتىنىڭ كامالىتىدە تۇرغان مەزگىلدە يەنى ھىجرىيە 1266 - يىلى(مىلادىيە 1849 - يىللىرى) قەشقەردە يۈز بەرگەن بىر قېتىملىق توپىلاڭدا ئۆزىنىڭ دۈشمەنلىرى، دىن ۋە مىللەت ئاسىيلىرى تەرىپىدىن قەتلى قىلىنغان. ئۇنىڭ جەستىنى شاگىرت - ئىخلاسمەنلىرى، قەشقەر خەلقى داغدۇغىلىق ھالدا ئۆز ۋەسىيىتىگە ئاساسەن سەئىد جالالىدىن باغدادى قەبرىستانىغا دەپنە قىلغان. ئۇيغۇر خەلقى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئامىسى موللا سادىق ئەلەمدىن ئىبارەت بۇ ئۇلۇغ ئالىمنى مەڭگۈ ياد ئېتىدۇ.

1982 — 1983 - يىللىرىدىن باشلانغان ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ شاھ ئەسىرى «دىۋانى لۇغەتى تۈرك» نىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە

قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ قەبرىگاھىنى ئىزدەش ئىلمىي تەتقىقات پائالىيىتى جەريانىدا ئەل ئىچىدىكى كىتاب ساقلىغۇچىلار ۋە ئىلمىي تەتقىقاتچىلار ئىزدەپ تاپقان ئاپتورنىڭ «مەسنەۋى شەرىف پارسى» دېگەن ئەسىرىدىكى «ۋەخپەنامە»كەك ئۇيغۇر جامائىتىگە ئالىم موللا سادىق ئەلەمنىڭ ئالىم-ئۆلىمالىق سالاپىتىنى قايتا نامايان قىلىپ، ئۇنىڭ نامى ئەل ئىچىدە يەنە بىر قېتىم تىلغا ئېلىندى.

ئالىم موللا سادىق ئەلەمنىڭ بۇ ۋەخپەنامىسى مۇنداق يېزىلغان:

ھىجرىيە 1252-يىلى(كالا) يىلى ئۇلۇغ رەجەپ ئېيىنىڭ 14-كۈنى شەرىئەت قانۇنى ئاساسىغا قۇرۇلغان قەشقەر قازى مەھكىمىسىنىڭ قازىسى مەنكى موللا سادىق ئەلەم شاھ ئەلا ئاخۇن ئوغلى شۇل ھەقتە ھۆججەت قىلىپ مۆھۈرۈمنى باستىمكى، مەن 114 ياشقا كىرگەن تەن دۇرۇسلۇق ھالىتىم، ئىلمگە بولغان ھېسسىياتىم، ئىشتىياقىم ۋە ئەدەبلىك كەيپىياتىم بىلەن مەرىپەتنىڭ مەنبەسى بولغان، ئىلىم-مەرىپەتنى مەزمۇن قىلغان، ئالتە دەپتەرنى بىر مۇقاۋىغا تۇپلەپ ئىجتىھات قەلىمى بىلەن ۋاراقلىرىغا زىننەت بېرىپ يېزىلغان، قىممەت باھالىق ئالتۇنغا سېتىپ ئالغان مۈلكۈم بولغان «مەسنەۋى شەرىف» ناملىق كىتابىمنى قەشقەرنىڭ ئوپال رايونى تاغ باغرىدا سۇزۇك بۇلاق ئۈستىدە دەپنە قىلىنغان ھەزرىتى مەۋلان، دىنىنىڭ قۇياشى، ھۇسەيىن ئوغلى قەلەم ئىگىسى بولغان مەھمۇد كاشغەرىنىڭ مازارىغا مۇتلەق ۋەخپە ۋە ئەبەدىي سەدىقە قىلدىم. بۇ ئۇلۇغ ئەدىبكە (مۇتلەق ۋەخپە قىلىنغان) بۇ كىتابىمنى ئەدىبلەر بىلەن ئىلىم ئەرباب لىرىنىڭ دىنىنىڭ قۇياشى ھۇسەيىن(ئوغلى) مەھمۇد كاشغەرى ھەققىدە دۇئا قىلىپ، مۇسۇلمان ئەۋلادلىرى، مىللىتىمىزنىڭ خەلق ئاممىسىغا ئىلىم ئۆگىتىپ، ئۇلارنىڭ تولۇق پەزىلەتلىك بولۇشىغا تىرىشىشىنى ئۈمىد قىلىمەن، ۋەخپە قىلىنغان مەزكۇر كىتابىمغا باش شاگىرتىم موللا ھېيت خەلپەت بىننى موللا ئېۋەزنى باشقۇرغۇچى قىلىپ تەيىنلىدىم، دەپ تۆۋەندە موللا سادىق ئەلەم ئۆز مۆھۈرۈمنى باستىم. مەزكۇر ئىقرارىمنىڭ راستلىقىغا مۇدەررىس ئۆلىما نەزەر ئاخۇنۇم، باش كاتىپ موللا ئابدۇرەھىم نىزارى، نەۋرۇز كاتىپ، تۇردۇش كاتىپ، تۇردى شەيخ ئاخۇنۇم، موللا غوجىلاق، ئوپالدىن زەيدىن قۇرۇلبېگى گۇۋاھتۇر.

مۆھۈر (دائىلىق ئۆلىما، دەۋرنىڭ ئالىمى موللا سادىق ئەلا شاھ ئەلا) مۆھۈر ھىجرىيە 1208-يىلى ئويۇلغان.

بۇ تارىخىي ھۆججەت—«ۋەخپەنامە»نىڭ ئېلان قىلىنىشى بىلەن ئوپال دىيارىدىكى ھەزرىتى موللا مازارىنىڭ ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرىنىڭ قەبرىگاھى ئىكەنلىكى موللا سادىق ئەلەمنىڭ ھۆرمەت-ئېتىبارى بىلەن تالاش-تارتىشسىز ھالدا ئىسپاتلانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، مەشھۇر ئالىم موللا سادىق ئەلەمنىڭ شەك-شۈبھىسىز ھالدا ئالىم-ئۆلىما، ئىكەنلىكىدەك ئورنى زامانىمىز كىشىلىرى ئارىسىدا نامايان بولۇپ، ئۇنىڭ ئەسەرلىرى، خەت-پۈتۈكلىرى تارىخىمىزنىڭ تەۋرەنمەس ھەقىقىتى ئۈچۈن قىممەتلىك پاكىت بولدى. موللا سادىق ئەلەم كاشغەرى يەنە «تەزكىرەئى خۇجەكان»(خۇجىلار تەزكىرىسى) دېگەن ئەسەرنى يازغان، شۇنداقلا «غەزەل ۋە مەسنەۋىلەر» دېگەن ئەسىرىنى بىزگە قالدۇرۇپ، ئۆزىنىڭ ئەدەبىي تالانتىنى نامايان قىلغان.

(ئاپتور:قەشقەر شەھىرىدىن؛

تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

**سۈننەت**— ھەرىكەت، يول دېگەن مەنىدە، ئىسلام دىنىدا رەسۇلۇللاھنىڭ دىنىي ۋە دۇنياۋى ئىشلاردا تۇتقان ۋە كۆرسەتكەن يولى دېگەن مەنىدە بولۇپ، رەسۇلۇللاھنىڭ سۆزى، ھەرىكىتى، ئىقرارى ۋە ئۇ زات ئېتىراپ قىلغان ساھابىلەرنىڭ سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى سۈننەت ياكى ھەدىس دەپ ئاتىلىدۇ. سۈننەت ئىككى خىل بولۇپ، بىرى سۈننە مۇئەككەدە، يەنە بىرى سۈننە غەيرى مۇئەككەدە ياكى ئادىيەدۇر. سۈننە مۇئەككەدە بولسا رەسۇلۇللاھ ئۆزى داۋاملىق قىلغان ۋە قىلىشقا بۇيرۇغان سۈننەتلىرى بولۇپ، ئۇ ھېچقانداق ئۆزرىسىز تەرك ئەتمىگەن سۈننەتتۇر. سۈننە غەيرىي مۇئەككەدە ياكى ئادىيە بولسا، رەسۇلۇللاھ ئۆز ئەمەلىيىتىدە بەزىدە قىلغان، بەزى چاغلاردا تەركمۇ ئەتكەن ئەمەلدۇر.

# قۇمۇل شەھىرى تۆت كوچا مەسچىتى ۋە چاھارباغ مۇساپىرلار قەبرىستانى

ناسىر ھاپىز

قۇمۇل شەھىرىدە كونىشەھەر رايونىنىڭ بۈرۈنقى ئاۋات سودا ـ سېتىق مەركىزى بولغان تۆت كوچىنىڭ غەربىگە 50 مېتىر كېلىدىغان ئازادلىق غەربىي كوچىسىغا جايلاشقان جامە—— ھەسەن ھاجى مەسچىتى"بازار تۆت كوچا مەسچىت" نامى بىلەن ئاتىلىپ كېلىۋاتقان مەشھۇر مەسچىتلەرنىڭ بىرى.

1890 ـ يىللىرىدا ئاتۇش ئۈستۈنئارتۇچلۇق ھەسەن بالا ھاجى(مەرھۇم تىلشۇناس، تەرجىمىشۇناس غۇلام غوپۇرنىڭ بوۋىسى) سودا ـ سېتىق ئۈچۈن قۇمۇلغا كەلگەنىكەن، بۇ كىشى سودا ئىشلىرىغا پىششىق، ئەقىل ـ پاراسەتلىك، سۆزمەن كىشى بولۇپ، قۇمۇلنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلەر بىلەن قىلىدىغان سودىدىكى مۇھىم ئورنىنى تونۇپ يەتكەنلىكتىن، قۇمۇلدا تۇرۇپ ئىچكىرى بىلەن سودا ئالاقىسى ئېلىپ بارغان.

1911 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ئاغدۇرۇلۇپ جۇڭخۇا مىنگو قۇرۇلغان بولسىمۇ، قۇمۇلدا ۋاڭلىق تۈزۈم يەنىلا مەۋجۇت بولۇپ تۇراتتى. ۋەزىيەتنىڭ ئۆزگىرىپ بارغانسېرى پايدىسىز بولۇۋاتقانلىقىنى تونۇپ يەتكەن قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇت 1915 ـ يىلىنىڭ كۈز ئايلىرىدا نۇرغۇن ئەتىۋارلىق تارتۇقلارنى ئېلىپ بېيجىڭغا سەپەر قىلىدۇ. بۇ سەپەردە ئوردىنىڭ بەگ ـ سەپالىرى ۋە چوڭ ـ كىچىك ئەمەلدارلىرى، تىلماچلار، مۇلازىملار بولۇپ نۇرغۇن كىشى ۋاڭغا ھەمراھ بولۇپ ماڭىدۇ. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا ھەسەن ھاجىمۇ ئىچكىرىدىن مال ئېلىپ قۇمۇلغا كېلىۋاتاتتى. ئۇلار قۇمۇلدىن 18 چاقىرىم شەرق تەرىپىدىكى ئۆتەڭ—— ئاچچىقسۇدا ئۇچرىشىدۇ. ھەسەن ھاجىم پانۇسلىرى كېچىنى كۈندۈزدەك يورۇتىۋەتكەن، غەربتىن ئاچچىقسۇغا دەبدەبىلىك ھالدا يېقىنلاپ كېلىۋاتقان كارۋاننىڭ قۇمۇل ۋاڭى شاھ مەخسۇتنىڭ كارۋىنى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىپ، ئىككى نەپەر مۇلازىمنى ۋاڭنىڭ ھۇزۇرىدا خىزمەتتە بولۇشنى تەلەپ قىلىپ



ئەۋەتىدۇ، ئۇلار كېلىپ مەقسەتلىرىنى ئېيتقاندىن كېيىن شاھ مەخسۇت ۋاڭ ماقۇللۇقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەسەن ھاجىم ئۆزە مىس قازاندا ئەتكەن بىر قازان سۇيۇقئاشنى ئالغان پېتى ۋاڭنىڭ ھۇزۇرىغا كېلىپ تازىم بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن، بىر قاچا ئاشنى قويۇپ ئالدى بىلەن ئۆزى ئىچىپ، ئاندىن ۋاڭغا بىر قاچا ئاش سۇنىدۇ ھەمدە ئوردا بەگلىرىگە بىر قاچىدىن ئاش سۇنىدۇ. ئاچچىقسۇ تۆت ئەتراپى بىپايان بىر چۆللۈكتىكى ئۆتەڭ بولۇپ، سۈيى ئاچچىق ئىدى. مۇشۇنداق ئۆتەڭدە ئىچكەن بۇ بىر قاچا مېزىلىك ئاش ۋاڭغا بەكمۇ ياراپ كېتىدۇ ـ دە، ئارقىدىنلا يەنە بىر چىنە ئىچىۋېتىدۇ. ئەتىسى بۇ ئىككى كارۋان سەپىرىگە ئامەت تىلەپ ئۆز يولىغا راۋان بولىدۇ. شۇنىڭدىن

كېيىن شاھ مەخسۇت ۋاڭ بىلەن ھەسەن بالا ھاجىنىڭ مۇناسىۋىتى تېخىمۇ قويۇقلىشىپ كېتىدۇ. ئىككىسى شېرىكلىشىپ تىجارەت، سودا-سېتىق قىلىدىغان شىركەت قۇرىدۇ. شاھ مەخسۇت ۋاڭ نۇرغۇن دەسمايە سېلىپ بېرىدۇ. ھەسەن ھاجىم يۇڭ، تېرە، ئۇچەي سودىسى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارقىلىق بېيىپ نۇرغۇن مال-دۇنيالىق بولۇپ كېتىدۇ-دە، بازار بولىدىغان جايغا بىر يۈرۈش قورۇ جاي سالدۇ ۋە كوچىغا قارىتىپ سودا سارىيى ئاچىدۇ.

1916-يىلى ھەسەن ھاجىم سودا-سېتىقتىن تاپقان مال-دۇنياسىدىن خەير-ساخاۋەت قىلماقچى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرەر ساۋابلىق ئىش قىلىش ئۈچۈن بۇرۇنقى مەسچىت* ئورنىدا يېڭىدىن بىر مەسچىت سېلىش خىيالى بارلىقىنى شاھ مەخسۇت ۋاڭغا مەلۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالىدۇ ھەمدە شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ ماددىي جەھەتتىن ياردىمىگە ئېرىشىدۇ.

1917-يىلى ھەسەن ھاجى ئۆزىنىڭ سودا-سارىيىنىڭ قىبلە تەرىپىگە قۇرۇلمىسى كۆك خىش، كېسەك، ياغاچتىن 200—300 ئادەم ناماز ئوقۇيالايدىغان قىشلىق مەسچىت ۋە ئالدى تەرىپىگە ئىككى قەۋەت قىلىپ، ئۈستى پېشايۋانلىق يازلىق مەسچىتنى ياساپ پۈتكۈزىدۇ. نەتىجىدە تۈۋرۈك، لىملىرى چىرايلىق نەقىشلەنگەن، ئۈستى ياغاچ پەن بىلەن يېپىلىپ چىرايلىق گۈل نۇسخىلىرى ئويۇلۇپ سىرلانغان، ئالدىغا دەرۋازا، پەشتاق، مۇنار چىقىرىلغان كۆركەم، ھەيۋەتلىك بىر مەسچىت نامايان بولىدۇ. مەسچىت پۈتكەندىن كېيىن شاھ مەخسۇت ۋاڭ قۇمۇل مۇسۇلمانلار شەھرىدىن دىنىي ئۆلىما نامان قارىي ھاجىمنى مەزكۇر بازار مەسچىتىنىڭ ئىماملىقىغا تەيىنلەيدۇ. باقى مەزىن(ئالىم، يازغۇچى، شائىر ئابدۇرەھىم ئۆتكۈرنىڭ قېيناتىسى) مەزكۇر بازار مەسچىتىدە 1917—1937-يىللىرى مەزىن بولىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن تىجارەت ۋە سودا-سېتىق ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىش ئۈچۈن كېلىپ، قۇمۇل شەھرىدە ئولتۇراقلىشىپ قالغان كىشىلەرنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ھەسەن ھاجىم مۇۋاپىق بىر جايدا قەبرىستان يېرى بولمىسا زادى بولمايدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، يەنە شاھ مەخسۇت ۋاڭنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ، چاھارباغ مەھەللىسى تەۋەسىدىن 20 مو يەرنى 12 سەر ئالتۇنغا سېتىۋېلىپ، مەسچىتكە ۋەخپە قىلىپ بېرىدۇ. دەسلەپتە خوتەنلىك روزى ئاخۇن 3 مو يەر سېتىۋېلىپ مەسچىتنىڭ قەبرە يېرى قىلىشقا بەرگەن ئىكەن. 1930-يىللىرى قۇمۇل شەھرىدە ئولتۇرۇشلۇق ھەر ساھە كىشىلىرى نۇرغۇن پۇل ۋە نەچچە ئون دادەن بۇغدايغا قەبرىستان يېنىدىن يەنە بىر پارچە يەر سېتىۋالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى-ئاخىر سېتىۋالغان قەبرە يېرى 36 موغا يېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بازاردا ئولتۇرۇشلۇق مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىدىكى دەپنە قىيىنچىلىقى ھەل بولىدۇ ھەمدە كىشىلەر تەبىئىي ھالدا مەزكۇر قەبرە يېرىنى "مۇساپىرلار قەبرىستانى" دەپ ئاتايدىغان بولۇپ قالىدۇ.

ئارىدىن يېرىم ئەسىر ئۆتكەندىن كېيىن، 2002-يىلى 2-ئايدا مەزكۇر مۇساپىرلار قەبرىستانى قۇمۇل شەھرىنىڭ تەڭرىتاغ يولى كېڭەيتىپ ياسىلىدىغان شەھەر ئايلانما يولى دائىرىسىگە كىرىپ قالغانلىقى ئۈچۈن 18مو 4 پۇڭ يەردىكى مىڭلىغان جەسەت باغ-ۋارانلاشقان يېڭى مۇسۇلمانلار قەبرىستانىغا يۆتكىۋېتىلدى. 10 مو يەر يولغا كىرىپ كەتتى. ھازىر مەزكۇر مۇساپىرلار قەبرىستانىدا ئۇزۇنلۇقى 200 مېتىر، كەڭلىكى 28 مېتىر جەمئىي 8 مو 4 پۇڭ يەر قالدى. شەھەر نوپۇسىنىڭ بارغانسېرى كۆپىيىشى ۋە كەڭ مۇسۇلمانلار ئاممىسىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، 1979-يىلىغا كەلگەندە ئۆز ۋاقتىدا شاھ مەخسۇت ۋاڭ بىلەن ھەسەن ھاجىمنىڭ كۈچ چىقىرىشى بىلەن ياسالغان كونا مەسچىت چېقىۋېتىلىپ، 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق

(ئاخىرى 52-بەتتە)

*مەزكۇر مەسچىت ئەسلىدە 1896-يىلى بازاردىكى مۇسۇلمان ئاممىنىڭ، ئاساسلىقى سودىگەرلەرنىڭ ئىئانە قىلىشى بىلەن مەبلەغ جۇغلاپ سېلىنغان. شۇ چاغلاردا بۇ مەسچىتنىڭ قارمىقىدا دىنىي مەكتەپ بولۇپ، بازاردىكى بالىلارنى دەسلەپكى دىنىي تەربىيىگە ئىگە قىلىشنى نىشان قىلىپ، ئىسلام مائارىپى، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەلىپى بويىچە ئۆسمۈر بالىلارنى دىنىي ئەقىدە-كالاملارنى ئۆگىنىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ئاساسلىق قائىدە-ئەھكاملىرىنى ۋە دىنىي قائىدە-يوسۇنلارنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلغان. مەزكۇر دىنىي مەكتەپتە ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ يۈسۈپ ئاخۇنۇم، ئابدۇكېرەم ئاخۇنۇم ۋە موك-موك موللام دېگەن كىشىلەر ئۇستاز بولغان.



# ئىسلام دىنى تايلاندتا

تايلاند ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان. يەر مەيدانى 513115كۋادرات كىلومېتىر كېلىدۇ. نوپۇسى 63مىليون 800مىڭ (2006 ـ يىللىق مەلۇمات)دىن ئارتۇق. تايلاند بۇددا دىنى دۆلىتى بولۇپ، ئاھالىنىڭ %90تى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. تايلاندتىكى مۇسۇلمانلارنىڭ نوپۇسى 6 مىليوندىن ئارتۇق بولۇپ، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 3.9پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلار ئاساسلىقى مالايلار بولۇپ، ئۇلار تايلاندنىڭ جەنۇبىدىكى ئۈچ ئۆلكىگە مەركەزلەشكەن، 40 تىن ئارتۇق ۋىلايەتتە مۇسۇلمانلار تارقاق ئولتۇراقلاشقان.

10 ـ ئەسىرلەرنىڭ باشلىرىدا ئەرەب ۋە ھىندىستانلىق مۇسۇلمان سودىگەرلەر ئىسلام دىنىنى مالاي يېرىم ئارىلىغا ئېلىپ كىرگەن. مالايلار ئالدى بىلەن ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، مىڭ يىلغا يېقىن تەرەققىي قىلىش جەريانىدا، تەدرىجىي ھالدا دېڭىز بويلىرى ۋە يېرىم ئارالدىن ئىچكى قۇرۇقلۇق رايونلىرىغا ئىچكىرىلەپ كىرگەن. تايلاندلىق مۇسۇلمانلارنىڭ كۆپ قىسمى سۈننىي مەزھىپىدە بولۇپ، ئاز بىر قىسمى شىئە مەزھىپىدىدۇر. مەملىكەت بويىچە 3200دىن ئارتۇق مەسچىت بار. ئەڭ چوڭ مەسچىت بېيدانىيەن ۋىلايىتىدىكى مەركىزىي مەسچىت بولۇپ، تايلاندتىكى ئەڭ كۆركەم مەسچىتتۇر. بۇ مەسچىت 1954 ـ يىلى سېلىنغان، ھىندىستاندىكى تاجماھال مەقبەرىسىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇندىن باشقا يەنە پايتەخت باڭكوكتا 148مەسچىت بار بولۇپ، باڭكوك چوڭ مەسچىتى تايلاندتىكى ئەڭ چوڭ مەسچىتتۇر. چوڭراق مەسچىتلەردە ئىسلام ئىنستىتۇتى، ئەرەب تىلى مەكتىپى، كۇرس يۇرتى قاتارلىقلار تەسىس قىلىنغان. مەملىكەت بويىچە مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر دەرىجىلىك مەكتەپلىرى 200دىن ئارتۇق بولۇپ، ئەڭ ئالىي بىلىم يۇرتى تايلاند مۇسۇلمانلار ئىنستىتۇتىدۇر. بۇ ئىنستىتۇتتا مۇسۇلمان ياشلارغا دىنىي ساۋاتلار، ئەنئەنىۋىي ئەخلاق تەربىيىسى، ئەرەب تىلى، قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف، شەرىئەت قاتارلىق ھەرخىل دەرسلەردىن ساۋاق بېرىلىپ، مەخسۇس ئىسلام دىنى خادىملىرىنى تەربىيىلەيدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بېرى تايلاندتىكى ئۇنىۋېرسال ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدىمۇ مۇسۇلمانلار تەتقىقات مەركەزلىرى قۇرۇلۇۋاتىدۇ. مەملىكەت بويىچە 24 ئىسلام تەشكىلاتى بار. ئەڭ چوڭ مەملىكەتلىك ئىسلام تەشكىلاتى 1954 ـ يىلى قۇرۇلغان "تايلاند مەملىكەتلىك مۇسۇلمانلار ھەيئىتى" بولۇپ، بۇ ھەيئەتنىڭ ھەر قايسى ۋىلايەتلەردە شۆبىلىرى بار. بۇ ھەيئەت مەملىكەتنىڭ ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە "ئىسلاھات ـ يېڭىلىق كىرگۈزۈش جەمئىيىتى"، "سۈننەت ۋە ئەنسارىلار جەمئىيىتى"، "‹خەير ئەمەل ئائىلىسى› مەسچىتلەر بىرلەشمىسى"، "باڭكوك ئىسلام مەركىزى" قاتارلىق تەشكىلاتلار بار. بۇ تەشكىلاتلار ئىسلام دىنى تەرغىباتى ۋە مائارىپىغا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. مۇسۇلمانلارنىڭ دىنىي تۇرمۇشى ۋە دىنىي مائارىپى تايلاند ئاساسىي قانۇنى تەرىپىدىن قوغدىلىپ كەلمەكتە. (ھاجى بارات رەجەپ)

## ئادىل ھاجى كېرەم"ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئەزھەرلەرنىڭ 2-نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى"غا قاتناشتى

مىسىر ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەئىسى دوكتور ئەھمەد مۇھەممەد تەييىبنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، قوشۇمچە جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرەم ئۆمەك باشلىقى بولغان 4 كىشىدىن تەركىب تاپقان ۋەكىللەر ئۆمىكى 2007-يىلى 3-ئاينىڭ 31-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 5-كۈنىگىچە مىسىرنىڭ پايتەختى قاھىرەدە ئېچىلغان " ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئەزھەرلەرنىڭ ئىككىنچى نۆۋەتلىك خەلقئارالىق مۇھاكىمە يىغىنى"غا قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنى ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيۇشتۇرغان. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئەرەب-ئىسلام دۇنياسىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى بولۇپ، "ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ قىبلىنامىسى" دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان، ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بۇيانقى ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئىشلىرىدا ئىسلام دىنىنىڭ كەڭ قورساقلىق، ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىق ۋە ھەمكارلىق روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، تالىپلارنى ئىسلام دىنى تەشەببۇس قىلىدىغان ئوتتۇرا يول تۇتۇشقا ئۈندەپ، ئەزھەرنى پۈتتۈرگەن تالىپلارنىڭ پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ئاكتىپ رولىنى توغرا يۈنىلىشتە تەرغىب قىلىشنى ئۈمىد قىلىپ كەلمەكتە. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى 2006-يىلى " ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەن ئەزھەرلەرنىڭ خەلقئارالىق تۇنجى نۆۋەتلىك مۇھاكىمە يىغىنى" ئۆتكۈزگەندىن ئېتىبارەن، ھەر يىلى مۇشۇنداق يىغىننى ئېچىشنى قارار قىلغانىدى.

بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ باش تېمىسى "مۇسۇلمان ئۈممىتى دۇچ كېلىۋاتقان مەدەنىي خىرىس" بولۇپ، يىغىنغا جۇڭگو، فرانسىيە ، رۇسىيە، ئەنگلىيە، ئىتالىيە، پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستانى، كۇۋەيت، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى، سۇدان، ھىندونېزىيە، مالايسىيا، تاجىكىستان قاتارلىق يۈزگە يېقىن دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللەر، شۇنداقلا مىسىرنىڭ ئالىم-ئۆلىمالىرى، مۇتەپەككۇرلىرى ۋە مەشھۇر زاتلىرى بولۇپ تۆت يۈزگە يېقىن كىشى ئىشتىراك قىلدى.

مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ 4-ئاينىڭ 1-كۈنى قاھىرە شەھىرىنىڭ ماريىوت مېھمانخانىسىدا ئۆتكۈزۈلگەن، ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئەزھەرنىڭ شەيخى دوكتور مۇھەممەد سەييىد تەنتاۋى، مىسىر دىن-ۋەقفە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى، ئىسلام دىنى ئىشلىرى ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەئىسى دوكتور ئەھمەد مۇھەممەد تەييىب قاتارلىقلار قاتناشتى ۋە مۇھىم سۆز قىلدى. ئەزھەرنىڭ شەيخى دوكتور مۇھەممەد سەييىد تەنتاۋى مۇنداق دېدى: ئىسلام دىنى تىنچلىقنى سۆيىدىغان دىن، ئىسلام دىنى ئىلىم بىلەن ئىمان ئۈستىگە قۇرۇلغان، شۇڭا مۇسۇلمان ئۈممىتى بۇ ئىككى پرىنسىپقا رىئايە قىلىشى لازىم، ھازىرقى زامان مۇسۇلمانلىرى دەۋر تەرەققىياتىغا ماسلىشىپلا قالماستىن، يەنە ئىسلام دىنىنىڭ تۈپ پرىنسىپلىرىغا ھامىي بولۇشى كېرەك، ئىسلام مەدەنىيىتى ئەقىل-ئىدراك ۋە ئەقلىي تەپەككۇر قىلىشنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىنسانىي پەزىلەتكە ئەھمىيەت بېرىدىغان، باشقىلار بىلەن ئورتاق ھەمكارلىشىپ گۈزەل دىيار بەرپا قىلىشقا ئۈندەيدىغان دىن، ئىسلام مەدەنىيىتى ئېسىل ئەنئەنە ئۈستىگە قۇرۇلغان مەدەنىيەت، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ۋە جەمئىيەتكە پايدىلىق بولىدىغان ئىلىم-بىلىمنى ئىگىلەشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، كىشىلەرنى دىنىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكە تەرغىب قىلىپلا قالماستىن، ئىجتىمائىي بىلىملەرنى ئۆگىنىشكىمۇ رىغبەتلەندۈرىدۇ، مەنىۋى مەدەنىيەتكە ئىنتىلىشكە ئۈندەپلا قالماي، ماددىي مەدەنىيەتكە ئىنتىلىشكىمۇ ئۈندەيدۇ. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام مەدەنىيىتى تەتقىقاتىنى ئېلىپ بېرىش، ئىسلام مەدەنىيىتى، ئەقىدە-ئىمان، شەرىئەت-ئەھكام ۋە ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى تارقىتىش، شۇنداقلا ئىسلام مەدەنىيىتى مىراسلىرىنى قوغداش ۋە ئۇنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىنى قانات يايدۇرۇش قاتارلىق مۇقەددەس بۇرچلارنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان. ئۇ يەنە ئەزھەرنىڭ خەلقئارادىكى باشقا ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ۋە تەتقىقات ئورگانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچەيتىشى ئۆزىنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىدى. دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق ئۆز سۆزىدە مۇنداق دېدى: ئىسلام مەدەنىيىتى ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنياغا شانلىق نەتىجىلەرنى ئېلىپ كەلگەن، شۇنداقلا باشقا مەدەنىيەتلەرگىمۇ زور تەسىر كۆرسەتكەن. ھازىر ئىسلام مەدەنىيىتى زور خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە، مۇسۇلمان ئۈممىتىنىڭ بۇنىڭغا ئېتىبار بىلەن قارىشى بىزنىڭ ئەھمىيەت بېرىشىمىزگە تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا. مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆز ۋاقتىدا ياراتقان مەدەنىيەت بايلىقى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان، مەدەنىيەتلىك بولۇش مۇسۇلمانلارنىڭ ئىزچىل ئىنتىلىدىغان بىرخىل مەجبۇرىيىتى ۋە بۇ ئالەمدە ياشاشتىكى ئاساسلىق شەرتلىرىدىن بىرى. ئىسلام دېگەنلىك ئەقىدە-ئىمان، شەرىئەت-ئەھكام ۋە مەدەنىيەت دېگەنلىك بولىدۇ، مۇسۇلمان ئۈممىتى ئىلىمگە ۋە مەدەنىيەتكە سەل قارىغانلىقىدىن

ئارقىدا قالدى، ھەتتاكى باشقىلارنىڭ خاتا چۈشەنچىسىگە يولۇقتى. بىز پەقەت ئىسلام دىنىمىز تەشەببۇس قىلىدىغان تىنچلىق، ئىلىم تەلەپ قىلىش، تەرەققىياتقا يۈزلىنىش، كىشىلەرنى ياخشى ئىشقا ئۈندەپ يامان ئىشتىن توسۇشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرالىساق، ئاندىن ھازىرقى ھالىتىمىزگە خاتىمە بېرەلەيمىز. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەئىسى دوكتور ئەھمەد مۇھەممەد تەييىب مۇنداق دېدى: ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئۆزى تەشەببۇس قىلىدىغان مۆتىدىللىك، كەڭ قورساقلىق ۋە ئوتتۇرا يول تۇتۇشتىن ئىبارەت پرىنسىپلار ئارقىلىق ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى دەۋەت قىلىدۇ، دۇنيادىكى باشقا ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرى بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزمەي، ئىسلام ھەقىقىتىنى دەۋەت قىلىشقا كاپالەت قىلىدۇ.

بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنىغا ئىشتىراك قىلغانلار "مۇسۇلمان ئۈممىتى دۇچ كەلگەن مەدەنىي خىرىس" دېگەن باش تېمىنى چۆرىدەپ، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيىتى، ئەخلاق-پەزىلەت، شەرىئەت، ئىلىم-بىلىم، مەدەنىيەت ۋە تارىخ، غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ئىسلام مەدەنىيىتى قاتارلىق جەھەتلەردە دۇچ كېلىۋاتقان خىرىسلار دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە قىزغىن مۇھاكىمە ئېلىپ باردى. ئادىل ھاجى كېرەم جەمئىيىتىمىزنىڭ ئاساسلىق خىزمىتى، شۇنداقلا جەمئىيىتىمىز ئېلىپ بېرىۋاتقان "يېڭى ۋەز-تەبلىغلەر"نى يېزىش ۋە تارقىتىش ئەھۋالى، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇپ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ياخشىلاش، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش، باشقا دىندىكىلەر بىلەن ئىناق ئۆتۈش قاتارلىق جەھەتلەردە ئېلىپ بارغان خىزمەتلىرى ۋە قوشقان تۆھپىلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى، ئەزھەرنىڭ شەيخى دوكتور مۇھەممەد سەييىد تەنتاۋىغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ئىمام ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەننىڭ خالىس سالىمىنى يەتكۈزدى، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ رەئىسى دوكتور ئەھمەد مۇھەممەد تەييىب بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭغا جەمئىيىتىمىزنىڭ ئۇنى جۇڭگوغا زىيارەت قىلىشقا يەنە بىر رەت تەكلىپ قىلىدىغان دوستانىلىك ئۈمىدىنى يەتكۈزدى، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمان ئوقۇغۇچىلىرىنى تەربىيىلەپ بېرىۋاتقانلىقىغا تەشەككۈر ئېيتتى، ئۇ جۇڭگوغا زىيارەتكە تەكلىپ قىلغانلىقىمىزغا ناھايىتى مەمنۇن بولغانلىقىنى، زىيارەتكە مۇۋاپىق ۋاقىت ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىدى. مۇئاۋىن رەئىس ئادىل ھاجى كېرەم بىلەن جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ گولياڭ يىغىن ھەيئىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىدا باشقا ئەللەردىن كەلگەن ۋەكىللەر بىلەن بىرگە مىسىر خەلقئارا يىغىن مەركىزىدە ئۆتكۈزۈلگەن، مىسىرنىڭ زۇڭتۇڭى مۇھەممەد ھۇسنى مۇبارەك قاتناشقان مەۋلۇد تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى. ۋەكىللەر ئۆمىكى يەنە ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق تالىپلار بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇلارنىڭ ئوقۇش ۋە تۇرمۇش ئەھۋالىدىن ھال سورىدى، ھەم ئۇلارنىڭ ئۆگىنىش پۇرسىتىنى غەنىيمەت بىلىپ، تىرىشىپ ئۆگىنىشىنى، ۋەتىنىنى، دىنىنى سۆيىدىغان ئىختىساس ئىگىسى بولۇپ، كەلگۈسىدە ۋەتەنگە تۆھپە قوشۇشىنى ئۈمىد قىلدى. (كېرىمى)

## ئىران خەلقئارا ئىسلام تەتقىقات مەركىزى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگودا زىيارەتتە بولدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، ئىران خەلقئارا ئىسلام تەتقىقات مەركىزىنىڭ رەئىسى ئەلى رىزا ئەئرافى ئۆمەك باشلىقى بولغان 5 كىشىدىن تەركىب تاپقان ئىران خەلقئارا ئىسلام تەتقىقات مەركىزى ۋەكىللەر ئۆمىكى 2007-يىلى 3-ئاينىڭ 27-كۈنىدىن 4-ئاينىڭ 2-كۈنىگىچە مەملىكىتىمىزنىڭ بېيجىڭ، شىئەن قاتارلىق شەھەرلىرىدە دوستانە زىيارەتتە بولدى. ۋەكىللەر ئۆمىكى 3-ئاينىڭ 28-كۈنى ئىراننىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق باش ئەلچىخانىسىنىڭ مەدەنىيەت كونسۇلى ئاقاجارىنىڭ ھەمراھلىقىدا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلەردىن مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي، مۇستاپا ياڭ جىبو، ئادىل ھاجى كېرەم، مۇئاۋىن باش كاتىپلاردىن ھاجى بارات رەجەپ، ئىمادىدىن ۋېن جيەن قاتارلىقلار جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن ئۆمەك ئەزالىرىنى قىزغىن كۈتۈۋالدى ھەم ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جياڭ جيەنيوڭ، ئىسلام مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چىڭجېن ئىدارە باشلىقى يې شاۋۋېنغا ۋاكالىتەن ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن كۆرۈشۈپ سەمىمىي سۆھبەتتە بولدى ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى. ئۆمەك ئەزالىرى شەنشى ئۆلكىسىنىڭ شىئەن شەھىرىدىكى ۋاقتىدا شەنشى ئۆلكىلىك مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتى(دىن ئىشلىرى ئىدارىسى)نىڭ باشلىقى ما ئېرلى، مۇئاۋىن باشلىقى ما كېئېر، شەنشى ئۆلكىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، شىئەن چوڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى مۇھەممەد يۇنۇس ما لياڭجى، مۇئاۋىن رەئىس قوشۇمچە باش كاتىپى سالىھ ما شىپىڭ ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن سەمىمىي سۆھبەتتە بولدى ۋە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

ۋەكىللەر ئۆمىكى بېيجىڭ ۋە شىئەندە زىيارەتتە بولغان جايلىرىدا داڭلىق مەسچىتلەر، ئالىي مەكتەپ ۋە ئىسلام ئىنستىتۇتى، ئاسارە-ئەتىقە ئورۇنلىرى، مۇزېي ۋە ساياھەت رايونلىرىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بۇ زىيارىتى جۇڭگو ۋە ئىران ھۆكۈمىتى جۈملىدىن ئىككى دۆلەت مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ئالاقىنى كۈچەيتىش ھەم دوستلۇق ۋە چۈشىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈش جەھەتتە ئالاھىدە رول ئوينىدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ھاجى بارات رەجەپ ئۆمەك ئەزالىرىنىڭ بېيجىڭ ۋە شىئەندىكى زىيارىتىدە باشتىن ئاخىر بىللە بولدى. (ب)

## ئىسلام جەمئىيەتلىرى پائالىيەتلىرى

### جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى لىۋىيىدە "ئىسلام مەدەنىيەت يۇرتى"نى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** لىۋىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ئىسلام ئىشلىرى مەھكىمىسىنىڭ تەكلىپىگە ئاساسەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مۇستاپا ياڭ جىبو، خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى مۇسا چېن يۇلۇڭ 2007-يىلى 4-ئاينىڭ 12-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە لىۋىيەنىڭ پايتەختى تىرىپولىدا ئۆتكۈزۈلگەن "ئىسلام مەدەنىيەت يۇرتى"نى تەبرىكلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

2004-يىلى ئالجىرىيىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ 4-نۆۋەتلىك مەدەنىيەت مىنىستىرلىرى يىغىنىدا ، ئىسلام يىغىنى تەشكىلاتىنىڭ ئىسلام ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇللىقىدا ھەر يىلى ئىسلام دۆلەتلىرى ئىچىدىن بىر نەچچە شەھەرنى تاللاپ "ئىسلام مەدەنىيەت يۇرتى"دەپ نام بېرىش ھەم بىر يۈرۈش تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلغانىدى. بۇنىڭ مەقسىتى: ئىسلام دۇنياسىنىڭ مەدەنىيلىكى ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكىنى تەكىتلەشتە چىڭ تۇرۇش ھەم ئۇنى قوغداش، تىنچلىقتا بىللە تۇرۇش، ئۆزئارا چۈشىنىش، ئورتاق تەرەققىي قىلىش ئاساسىدا ھەر خىل مەدەنىيەتلەرنىڭ كۆپ مەنبەلىكى ۋە سىغدۇرۇشچانلىقىنى تەشەببۇس قىلىپ، ئىقتىساد ۋە جەمئىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىسلام ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ۋە غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرىنى قوغداش، كەمبەغەللىكنى تۈگىتىپ، ئىشلەپچىقىرىش ۋە تەرەققىيات سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش، دۇنياغا ئىسلام مەدەنىيىتىنى نامايان قىلىش ھەممە ئەرەب-ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ دۇنيا مەدەنىيىتى ساھەسىدىكى ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىن ئىبارەتتۇر. 2007-يىلى ئىسلام ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتى ماراكەش پادىشاھلىقىنىڭ فېس شەھىرى، ئۆزبېكىستاننىڭ تاشكەنت شەھىرى، سېنېگال جۇمھۇرىيىتىنىڭ داكار شەھىرى ۋە لىۋىيەنىڭ تىرىپولى شەھىرىنى "ئىسلام مەدەنىيەت يۇرتى" دەپ بېكىتتى. يۇقىرىدىكى تۆت دۆلەت 2007-يىلى ھەرخىل تەبرىكلەش پائالىيىتى ئېلىپ باردۇ.

بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى لىۋىيە ئاخبارات مىنىستىرلىقى، لىۋىيە ئىسلام دەۋەت جەمئىيىتى، لىۋىيە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى ئىسلام ئىشلىرى مەھكىمىسى بىرلىكتە ئۇيۇشتۇردى. 4-ئاينىڭ 12-كۈنى باشلانغان تەبرىكلەش پائالىيىتىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا لىۋىيەنىڭ مۇئاۋىن زۇڭلىسى، مەدەنىيەت مىنىستىرى، لىۋىيە ئىسلام دەۋەت جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى، دېڭىز قىرغىقى قۇملۇق دۆلەتلەر ئورتاق گەۋدىسىنىڭ باش كاتىپى، ئىسلام ئىلىم-پەن، مەدەنىيەت تەشكىلاتىنىڭ باش ئەمەلدارى، تىرىپولى شەھىرىنىڭ شەھەر باشلىقى، چاد جۇمھۇرىيىتى، نىگېر جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەدەنىيەت مىنىستىرى ھەممە تەكلىپكە بىنائەن ئەرەب دۆلەتلىرى، ئاسىيا، ئافرىقا، ياۋروپا قاتارلىق جايلاردىكى 70 نەچچە دۆلەتتىن كەلگەن 80دىن ئارتۇق ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى داڭلىق ئەربابلار، مۇناسىۋەتلىك ئىسلام تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرى ۋە ۋەكىللىرى قاتناشتى. تەبرىكلەش پائالىيىتى جەريانىدا، ئۆمەك ئەزالىرى مىللىي ئەنئەنىگە ئىگە كونسېرت نومۇرلىرى كۆردى، لىۋىيە 18-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت ۋە تەپسىر مۇسابىقىسى پائالىيىتىگە تەكلىپ بىلەن مېھمان بولۇپ قاتناشتى. پائالىيەت جەريانىدا يەنە بەزى خاتىرىلەش پائالىيىتىگە قاتناشتى.

4-ئاينىڭ 15-كۈنى ئۆمەك ئەزالىرى لىۋىيە ئىسلام دەۋەت جەمئىيىتى ۋە لىۋىيە ئىسلام دەۋەت ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيۇشتۇرغان "مۇسۇلمانلار قاياققا يۈزلىنىشى كېرەك" دېگەن تېمىدىكى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى. پائالىيەت جەريانىدا مۇئاۋىن رەئىس مۇستاپا ياڭ جىبو لىۋىيە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلىپ، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى بىلەن لىۋىيە ئىسلام دەۋەت جەمئىيىتىنىڭ دوستانە ئالاقە مۇناسىۋىتىنى ئەسلەپ ئۆتتى. (ب)

### شىنجاڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىدە سۆھبەتتە بولدى

**ئۆز خەۋىرىمىز:** ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ قاتارلىق بەش مىللەتتىن تەركىب تاپقان، شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى نۇقتىلىق مەسچىتلەردە ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان 49 نەپەر ئىمام-خاتىپتىن تەشكىل تاپقان 18-قېتىملىق شىنجاڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى جېلىلنىڭ يېتەكچىلىكىدە 2007-يىل 5-ئاينىڭ 11-كۈنى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى. جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئادىل ھاجى كېرەم، مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىدىن ھاجى بارات رەجەپ، نەبىل ما جۇڭپىڭ قاتارلىقلار ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن سەمىمىي سۆھبەت ئۆتكۈزدى. مۇئاۋىن رەئىس ئادىل ھاجى كېرەم جەمئىيەت رەھبەرلىرىگە ۋاكالىتەن ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇلارغا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋە جۇڭگو ئىسلام ئىنىستىتۇتىنىڭ ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. ئۆمەك ئەزالىرى سۆھبەتتىن كېيىن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ كۆرگەزمە زالىنى ئېكسكۇرسىيە قىلدى. ئاخىرىدا جەمئىيەت رەھبەرلىرى ئۆمەك ئەزالىرى شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

ئىگىلىنىشىچە، مەركەز بىرلىك سەپ بۆلۈمىنىڭ قوللىشى بىلەن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم بىرلىكسەپ بۆلۈمى شىنجاڭدىن 1996-يىلىدىن 2006-يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە 17قېتىمدا525نەپەر ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتنى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى تەرەققىي قىلغان جايلارغا ئېكسكۇرسىيىگە ئورۇنلاشتۇرغان. بۇ قېتىمقى ئۆمەك 18-قېتىملىقى بولۇپ، 5-ئاينىڭ 6-كۈنىدىن 22-كۈنىگىچە بېيجىڭ، جياڭشى، خۇبېي قاتارلىق ئۆلكىلەرنى زىيارەت ۋە ئېكسكۇرسىيە قىلىدۇ. (ب)

• قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-ئاينىڭ 8-كۈنى ئىسلام جەمئىيىتى باش كاتىپلار بىرلەشمە يىغىنى ئاچتى. يىغىندا 2006-يىللىق خىزمەتلەر خۇلاسىلىنىپ، 2007-يىللىق ۋەزىپىلەر

ئورۇنلاشتۇرۇلدى. يىغىن ئاخىرىدا خىزمەت نەتىجىسى گەۋدىلىك بولغان قەشقەر شەھىرى، يەكەن، مەكىت، مارالبېشى، پوسكام، پەيزىۋات ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيەتلىرى مۇكاپاتلاندى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

• قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام دىنى 3-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى 3-ئاينىڭ 5-كۈنى ئۆتكۈزۈلدى، يىغىنغا قەشقەر شەھىرىدىكى 8 يېزا 4 كوچا باشقارمىسىدىن كەلگەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، خۇيزۇ قاتارلىق مىللەتلەردىن تەركىب تاپقان 210 ۋەكىل قاتناشتى. يىغىندا ئۆتكەن نۆۋەتلىك ھەيئەتنىڭ خىزمىتى دوكلات قىلىندى، «ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ نىزامنامىسى»غا تۈزىتىش كىرگۈزۈش توغرىسىدا ئىزاھات بېرىلدى. يىغىندا قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 3-نۆۋەتلىك ھەيئىتى ۋە دائىمىي ھەيئەت سايلاپ چىقىلدى. 3-نۆۋەتلىك دائىمىي ھەيئەت 1-سانلىق يىغىنىدا رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپ سايلاپ چىقىلدى.

(نىجات غوپۇر)

• قەشقەر شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2007-يىلى 1-ئاينىڭ 16-كۈنى قۇرئان تىلاۋەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە 18 ماھىر قاتناشتى، 6 نەپەر ماھىر نەتىجىگە ئېرىشىپ مۇكاپاتلاندى. (قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

• ئاقسۇ شەھەرلىك ئىسلام جەمئىيىتى 4-ئاي كىرىشى بىلەن «ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە داۋالاش نىزامى»، ئاپتونوم رايوننىڭ «ئەيدىزنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش ئۇقۇشلۇقى» ھەم «ئاقسۇ شەھەرلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى داۋالاش چارىسى» قاتارلىق ئۇقۇشلۇق تەشۋىقات ماتېرىياللىرى ۋە تەشۋىقات ۋاراقلىرىدىن 100 مىڭ پارچە تارقىتىپ، مەسچىتتىن ئىبارەت بۇ ئاممىۋى سورۇندا جامائەتنىڭ بىخەتەر پائالىيەت بېرىشىغا ئاساس ياراتتى. ئىسلام جەمئىيىتى يەنە دىنىي زاتلار ئارىسىدىكى يېزىش، نۇتۇق ئىقتىدارى يۇقىرى كىشىلەرنى تەشكىللەپ يۇقۇملۇق كېسەللىك ۋە ئۇنى داۋالاش بىلىملىرى بويىچە ھەر پەسىلدە بىر قېتىم تەشۋىقات ئېلىپ بېرىشنى ئورۇنلاشتۇردى. دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىدا تازىلىق تۈزۈمى ۋە يۇقۇملۇق كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش تۈزۈمىنى ئورناتتى. جامائەت بىر قەدەر كۆپ بولغان 53 جۈمە مەسچىتىنىڭ ئىماملىرىنى بىر قېتىم تازىلىق ۋە يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئۇنىڭدىن مۇداپىئەلىنىش ساۋاتلىرى بىلەن تەربىيىلىدى.

(ئەخمەتجان ئەبەيدۇللا)

• كۇچا ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يۇقىرىنىڭ قوللىشى بىلەن «يېشىللاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى» ئېلىپ باردى، نەتىجىدە 606 مەسچىتتە 43مىڭ 818 تۈپ دەرەخ، 6313 تاشتەك گۈل ئۆستۈرۈلدى.

(مەريەم ئابدۇرەھىم، ئىبراھىم ئابىت)

• لوپ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى بۇ يىل 3-ئاينىڭ 25- ۋە 26-كۈنى 4-نۆۋەتلىك ۋەكىللەر يىغىنى ئاچتى. يىغىنغا مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەر ھەمدە 82 نەپەر دىنىي زات ۋەكىللىرى قاتناشتى. يىغىن ئەھلى ناھىيىلىك 3-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ خىزمەت خۇلاسىسى، «ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسنامىسى»نى ئاڭلىدى ۋە مۇزاكىرە قىلدى. سايلام ئارقىلىق 4-نۆۋەتلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ بىر نەپەر رەئىسى، تۆت نەپەر مۇئاۋىن رەئىسى، بىر نەپەر باش كاتىپى، 17 نەپەر دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى، 55نەپەر ھەيئەت ئەزاسى ۋۇجۇدقا كەلدى.

(تۇرسۇنتوختى مەتىمىن)

• ئونسۇ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى يېقىندا ۋەز-تەبلىغ مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى، مۇسابىقىگە 10 يېزا(بازار)دىن تاللانغان 22 ماھىر ۋە ئىسلام جەمئىيىتى دائىمىي ھەيئەتلىرى بولۇپ 85 كىشى قاتناشتى. (ئابدۇسالام ئۇلۇغ، تۇرسۇن تۇنىياز)

• 2007-يىل 3-ئاينىڭ 21-كۈنى قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بىلەن ھەمكارلىشىپ، دىنىي زاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، يېڭىمەھەللە يېزا لايلىق كەنتىگە بېرىپ ئەيدىز كېسىلىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ھەققىدە لېكسىيە سۆزلەش پائالىيىتىنى ئېلىپ باردى. بۇ پائالىيەتكە يېڭىمەھەللە يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار ، بۇۋىلەر، جامائەت ۋەكىللىرى بولۇپ 200 گە يېقىن كىشى قاتناشتى. (ياقۇپ ھاجى)

• مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ئېلان قىلغان «مەسچىتنى دېموكراتىك باشقۇرۇش چارىسى»، «ئىسلام دىنى خادىملىرى سالاھىيىتىنى بېكىتىش چارىسى»، «ئىسلام دىنى پائالىيەت سورۇنلىرىنىڭ ئاساسلىق دىنىي خادىملىرىنى تەكلىپ قىلىپ تەيىنلەش چارىسى»نى ئۆگىنىش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى ئېلىپ بارماقتا.

(ئابدۇرېشىت ۋاسىل)

## ئىسلام مائارىپى

• جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ قوللاپ قۇۋۋەتلىشى، جۇڭگونىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ ياردەم قىلىپ باشقۇرۇشى ئاستىدا بۇ يىل 3-ئاينىڭ 16-كۈنى قاھىرە شەھىرىدە ئەزھەر ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئوقۇۋاتقان جۇڭگولۇق تالىپلار يېڭى يىللىق ئوقۇش مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزئارا دوستلۇق مۇسابىقىسى ئۆتكۈزدى. مۇسابىقىگە جۇڭگونىڭ مىسىردا تۇرۇشلۇق ئەلچىخانىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى كېلىپ مۇسابىقىنى تەبرىكلىدى. مۇسابىقىگە ئوغۇل-قىزلاردىن بولۇپ جەمئىي 300 گە يېقىن تالىپ قاتناشتى. مۇسابىقە يۈگۈرۈش قاتارلىق يېنىك ئاتلېتىكا تۈرلىرى ۋە توپ تۈرلىرى بويىچە گۇرۇپپىلارغا بۆلۈنۈپ ناھايىتى قىزغىن ئېلىپ بېرىلدى. مۇسابىقىدە شىنجاڭلىق ئۇيغۇر تالىپلار بىر كوماندا ، باشقا ئۆلكىلەردىن كەلگەن تالىپلار بىر كوماندا تەشكىللەپ پۇتبول ئوينىدى، ئاخىرىدا ئۇيغۇر تالىپلار ئۈچ توپ كىرگۈزۈپ غەلىبە قىلدى. مۇسابىقە ئاخىرىدا نەتىجىگە ئېرىشكەن ماھىرلار ۋە گۇرۇپپىلار ماددىي بۇيۇملار بىلەن مۇكاپاتلاندى. (ئابدۇخالىق ھاجى ئابدۇلھەق)

• تۇرپان ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2007-يىل 4-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 15-كۈنىگىچە ۋىلايەت بويىچە 30 نۇقتىدىكى دىنىي زاتلاردا تەربىيىلىنىۋاتقان 77 نەپەر ئۇيغۇر، خۇيزۇ تالىپنى يىغىپ يەنە بىر قېتىم تەربىيىلەپ ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى ئالدى، كۇرس ئاخىرىدا تالىپلارنىڭ ئۈچ يىللىق ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئەھۋالى خۇلاسىلاندى. (شاھىمەردان ئىمىننىياز)

• يەكەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى 2007-يىلى 2-ئاينىڭ

27-كۈنى 20-قارارلىق دىنىي بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. (ئىمىن ساۋۇت)

• مەكىت ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ئاچقان 2-قارارلىق دىنىي ئىزباسارلارنى تەربىيىلەش كۇرسى بۇ يىل 3-ئاينىڭ 15-كۈنى ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزدى.

(ئابدۇرىشىت ۋاسىل)

• بۇ يىل 3-ئاينىڭ 14-كۈنى قەشقەر كونىشەھەر ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى ۋەزىپىدىكى 70 نەپەر دىنىي زاتنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئوقۇش تاماملاش مۇراسىمىنى ئۆتكۈزدى. مۇراسىمغا 130 كىشى قاتناشتى.

(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

## تۆھپىكار دىنىي زاتلار

• شايار ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، ناھىيىلىك يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى **رۇبۇل ھاجى** نامرات، مېيىپ ۋە ئوقۇشتىن قالغان ئوقۇغۇچىلارغا مېھرى-شەپقەت يەتكۈزۈشنى ئۇدا 27 يىل داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ باشقىلارغا قىلغان خالىس ياردىمى 351مىڭ يۈەندىن ئاشتى.

(ئىبراھىم ئەلقەم)

• بىگتۇەن3-دىۋىزىيە 53-تۇەن يېڭى مەھەللە 2-كەنتتىكى **ئەخەت ئاۋۇت ھاجى** يىللىق كىرىمى مىليون يۈەندىن ئاشىدىغان دىنىي زات، ئۇ ھەر يىللىق كىرىمىدىن 70مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلنى زاكاتقا ئايرىپ، يېتىم-يېسىر ۋە ئائاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارغا ياردەم قىلىپ كېلىۋاتىدۇ. يېقىندا ئۇ بازار مەسچىتىنىڭ ئىستىنجا ئۆيى ۋە ئەۋرەز يولىنى راۋانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئۈچۈن 20مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان ئەخەت ھاجىم ئۆزىنىڭ تېرىلغۇ يېرىنىڭ كۆپ، يېزا ئىگىلىك ماشىنا سايمانلىرىنىڭ كۆپ خىل بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلىرىدىن پايدىلىنىپ 30دىن ئارتۇق ياشنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇردى.

(ئوبۇل ھېمىت)

• مەكىت ناھىيە بازىرى ئورداكۆل ئىجتىمائىي رايون ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ئەسقەر قارىي ھاجىم** ئۆز ئەتراپىدىكى 30 دىن كۆپ دېھقان ئائىلىسىنىڭ ماشىنا سايمانلىرىنى سېتىۋېلىشى ئۈچۈن100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ياردەم قىلدى، 15 نامرات دېھقاننىڭ 130 مو يېرىنى ھەقسىز ئاغدۇرۇپ بەردى، يەنە يېتىم-يېسىر، ئاجىز كىشىلەرگە ئۇن، ياغ، ئوتۇن، كۆمۈر بېرىپ كەلمەكتە. مەكىت بازىرى يېڭىمەھەللە ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ئابدۇمۆمىن قارىي ھاجىم** مەكىت بازىرىدىكى باشلانغۇچ، ئوتتۇرا مەكتەپتىكى نامرات ئوقۇغۇچىلارغا 11مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى، يېتىم-يېسىر، ئاجىز كىشىلەرگە 41مىڭ 569 يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە ماددىي بويۇم ياردەم قىلدى. مەكىت ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى، بازار 5-ئاھالە كومىتېتى جۈمە مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ئابلا قارىي ھاجى** يېتىم، مەكىت ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەش ئەزاسى، بازار بولقائۆستەڭ بويى ھېيتگاھ مەسچىتىنىڭ خاتىپى **ھۇسەيىن قارىي ھاجىم** ئايرىم-ئايرىم ھالدا يېتىم-يېسىر، ئاجىز كىشىلەرگە 100 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە ماددىي بويۇم ياردەم قىلدى. مەكىت ناھىيە بازار جامە يېزا ئوردا كۆل كەنت 3-مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى **ئۆمەر قادىر** يېتىم، ئاجىز كىشىلەرگە 10 توننا ئاشلىق، 1 تونىنا ماي، 5000 يۈەن پۇل ياردەم قىلدى. مەكىت ناھىيە بازىرى 3-ئاھالە كومىتېتى مەسچىتىنىڭ نائىب ئىمام-خاتىپى **ياسىن تۇرسۇن** يېتىم يېسىر، ئاجىزلارغا پۇل، ماددىي بويۇم ياردەم قىلدى ھەمدە ئۇلارغا ھەقسىز باغ پەرۋىشى تېخنىكىسىنى ئۆگەتتى.

(ياقۇپ ھاجى)

• مورى ناھىيىلىك شىمالىي كۆۋرۈك مەسچىتىدىكى ئىماملار ۋە مەسچىت باشقۇرۇش ھەيئەتى ئەزالىرى بازار ئىگىلىكى، تاۋار ئىگىلىكى ئېڭىنى ئۆستۈرۈپ، ئىمام-مەزىنلەر باشلامچى بولۇپ، تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئورتاق بېيىشقا باشلامچىلىق قىلماقتا. ئۇلار بىر قىسىم خۇراپىي كونا ئادەتلەرنى ئىسلاھ قىلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ ياخشى ئەقىدە، توغرا ئەركانلىرى ۋە مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل پەزىلەتلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ ھەم ئەمەل قىلىپ، يېڭى يول ئېچىپ، يېڭى تەدبىر-چارىلەرنى بېكىتىپ، يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرماقتا. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىنىڭ ۋە جامائەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، مەسچىتنى دەرسخانا قىلىپ، كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا ساۋاتسىز قالغان ياش جامائەتنى تەشكىللەپ ساۋات چىقىرىش كۇرسى ئېچىۋاتىدۇ.

(ياقۇپ ھەمدۇللا)

• تېكەس ناھىيە بازىرى قوشكۆل كەنت پوسۇلكا كوچا مەسچىتىنىڭ ئىمامى، ئىلى ئوبلاستلىق ئىسلام دىنى (تېكەستىكى)سىنىپىنىڭ مەسئۇلى **ۋاھاپ قارىي ھاجى** ئىماملىق قىلغان ئۇزاق يىللاردىن بۇيان جامائەتنى توغرا يېتەكلىدى، مەسچىتنى ئۆزىنى ئۆزى قامداش شارائىتىغا ئىگە قىلدى. ئۇ مەسچىت ئىچىگە قارىغاي ۋە ھەر خىل كۆچەت تىكتى، مۇنچا، دۇكان سالدۇردى. مەسچىتتە دېموكراتىك باشقۇرۇش گۇرۇپپىسى قۇردى، ئالاقىدار سىياسەتلەرنى ئۆگىنىشنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، جامائەت ئىچىدە يۈز بەرگەن خاتا چۈشەنچە، ئىتتىپاقسىزلىقلارنى قىلچە يۈز خاتىرە قىلماستىن بىر تەرەپ قىلدى. مەسچىت ۋە جامائەت سورۇنلىرىدا ياشلارغا نەسىھەت قىلىپ ئۇلارنىڭ ئىدىيىسىنى ئۆزگەرتتى. يېقىنقى بەش يىلدىن بېرى ئۇ مائارىپقا، يېتىم-يېسىرلارغا، نامراتلارغا ۋە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ئۆز يېنىدىن ياردەم قىلغاندىن باشقا جامائەتنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ، 5000 كىلوگرام يېمەك-ئىچمەك، 10 توننا كۆمۈر ۋە بىر قىسىم كىيىم-كېچەك ئىئانە قىلدى. ئۇ نۆۋەتتە ھەر مىللەت ئاممىسىدا ئەۋج ئېلىۋاتقان توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغلاردىكى چوڭ يەپ-ئىچىش، كۆز-كۆز قىلىشتەك ھەشەمەتچىلىك شاملىنى ۋە نامۇۋاپىق قائىدە-يوسۇنلارنى تۈزىتىش ھەققىدە تەربىيە ئېلىپ باردى. كىشىلەر ئارىسىدىكى ماجىرالارنى مۇرەسسە قىلىپ ياراشتۇرۇپ، ئىناقلىقنى ئىلگىرى سۈردى. ئۇ ھەر يىلى گېزىت-ژۇرناللارغا ئالدى بىلەن مۇشتەرى بولغاندىن سىرت، دىنىي زاتلارنىمۇ مۇشتەرى بولۇشقا سەپەرۋەر قىلدى. (تۇرسۇن ھېكىم)

• خوتەن ناھىيە لايقا يېزىسىدىكى 87 نەپەر دىنىي زات 33مىڭ يۈەن ئىئانە توپلاپ لايقا يېزىسىدىكى بىر نامرات دېھقاننىڭ

كېسەللىنى داۋالىتىشقا ياردەم قىلدى.
(خوتەن ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

• مەكىت ناھىيە غازكۆل يېزىسىدىكى 25 دىنىي زات 7000 يۈەن نەق پۇل، 2000 كىلوگرام ئاشلىق ئېلىپ ئۆز تەۋەسىدىكى 28نامرات ئائىلىنى يوقلىدى. يەكەن ناھىيىسى ئارسلانباغ يېزىسىدىكى دىنىي زاتلار 63 نامرات ئائىلىگە 5283 يۈەن قىممىتىدە ماددىي بۇيۇملارنى ياردەم قىلدى.
(قەشقەر ۋىلايەتلىك ئىسلام جەمئىيىتى)

• لوپ ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى، بۇيا يېزا قۇم ئازما كەنت مەسچىتىنىڭ ئىمام، خاتىپى ئابدۇللا ئابدۇرەھىم 10 مىڭ يۈەن چىقىرىپ، مۇشۇ كەنتتىكى 620 نامرات نوپۇسىنىڭ بىر يىللىق ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش راسخوتىنى ئۈستىگە ئالدى. لوپ ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ناھىيىلىك ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، لوپ بازار چوڭ جامە مەسچىتىنىڭ خاتىپى نەبىخان ئابلىز ئۆز يېنىدىن 1040 يۈەن چىقىرىپ، 50 نەپەر نامرات نوپۇسنىڭ بىر يىللىق ھەمكارلىشىپ داۋالىنىش راسخوتىنى ئۈستىگە ئالدى. لوپ ناھىيە چارباغ يېزا چارباغ كەنت كالازاراتلىق مەسچىتىنىڭ ئىمام، خاتىپى يارمەمەت ئاخۇن مۇشۇ كەنتتىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە 700 يۈەن ياردەم قىلدى.
(تۇرسۇنتوختى مەمتىمىن)

• ئونسۇ ناھىيىسىدىكى دىنىي زاتلار راك كېسىلى بولۇپ قالغان بىر بىمارغا 1760 يۈەن ئىئانە قىلدى.
(ئابدۇسالام ئۇلۇغ، تۇرسۇن تۇنىياز)

• بىگتۇەن 3-دىۋىزىيە 44-تۇەندىكى دىنىي زاتلار 10 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە توپلاپ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار بىر ئوقۇغۇچىنىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم قىلدى. (مەمتىمىن يۈسۈپ)

• مارالبېشى ناھىيە بازىرى ئايرودروم يولى ئاق مەسچىتىنىڭ خاتىپى ئېلى ئابدۇللا قارىمنىڭ ئانىسى يېقىندا قازا قىلغاندا ئۇ ئانىسىنىڭ نەزىرىسىگە ئاتاپ قويغان 4000 يۈەن پۇلغا 50 خالتا ئۇن، 250 كىلوگرام ياغ سېتىۋېلىپ 50 نامرات ئائىلىگە تارقىتىپ بەردى. (ياقۇپ ھاجى)

• يەكەن ناھىيە مىشا يېزىسىدىكى 91 نەپەر دىنىي زات مەزكۇر يېزا 22-كەنت 7-مەھەللىدىكى ئېغىر ياردار بولغان بىر دېھقاننىڭ ئوپېراتسىيىسى ئۈچۈن 11مىڭ 889يۈەن ئىئانە قىلدى.
(ياقۇپ ھاجى)

## ساخاۋەتلىك مۇسۇلمانلار

• ئېغىر ئاپەت تۈپەيلىدىن قاغىلىق ناھىيىسىدىكى مېۋىلىك دەرەخلەرگە ئۈششۈك تېگىپ، دېھقانلارنىڭ مەنپەئەتى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىغاندا ناھىيىلىك سىياسىي كېڭەشتىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆزلۈكىدىن 10 مىڭ يۈەن ياردەم قىلدى. بۇنىڭ تۈرتكىسىدە ناھىيىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆز يېنىدىن 2 مىليون 200مىڭ يۈەن سەرپ قىلىپ، ئاپەتكە ئۇچرىغان دېھقانلارغا 1100توننا خىمىيىۋى ئوغۇت ئېلىپ بەردى. ناھىيىدىكى دىنىي زاتلار ۋە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى يەنە نامراتلارغا ئۆز يېنىدىن 117 مىڭ يۈەن نەق پۇل، 17.7توننا ئاشلىق، 39مىڭ 900يۈەن قىممىتىدە كىيىم-كېچەك، ئۇن، ماي، كۆمۈر ياردەم قىلدى.
(سىدىق تۇردى، تۇرامەت موللانىياز)

• يېقىندا بىگتۇەن 3-دىۋىزىيە 53-تۇەن 2-مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئارقىلىق ئىئانە قىلغان، ئۆز ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر ساخاۋەتچى مەكتەپتىكى 140 نەپەر يېتىم-يېسىر، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ئاتاپ100 يۈەندىن جەمئىي 14مىڭ يۈەن ياردەم قىلىپ، سەبىيلەر قەلبىنى ئىللىتتى.
(ئوبۇل ھېمىت، مەلىكە روزى)

• بىگتۇەن 4-دىۋىزىيە 64-تۇەن 16-لىيەندىكى قۇمباغ مەسچىتى ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغانىدى، لىيەندىكى جامائەت يېڭى مەسچىت قۇرۇلۇشىغا 100 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. (تۇرغۇن ئۆمەر)

• قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غوجائېرىق يېزىسىدىكى ساخاۋەتچىلەر (65 كىشى) ئۆز يېزىسىنىڭ قوش تىل باللار يەسلىسىگە 53مىڭ 335يۈەن ياردەم قىلدى. (ياسىنجان كامال)

•بىگتۇەن 3-دىۋىزىيە 45-تۇەن 2-لىيەندىكى ئەركىنجان تۇراق ئىككى نامرات ئائىلىگە 2800يۈەن ياردەم قىلدى؛ 6-لىيەندىكى دېھقان نىياز ئايۇپ ئىگە-چاقىسىز بىر مومايغا 2000 يۈەن ياردەم بەردى؛ 45-تۇەن خەلق ئىشلار بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئوبۇل ئۆمەر ئىككى نامرات ئائىلىگە 1500 يۈەن ياردەم قىلدى؛ 45-تۇەن 18-لىيەندىكى بارلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر قىزى كېسەل بولۇپ قالغان بىرەيلەنگە 1700 يۈەن ئىئانە قىلدى؛ 1-مەكتەپ مىللىي باشلانغۇچتىكى بارلىق ئوقۇتقۇچىلار قىيىنچىلىقى بارلارغا 2000 يۈەن ئىئانە قىلدى. مەزكۇر مەكتەپنىڭ 1-يىللىق ئوقۇغۇچىسى نۇربىيە بازاردىن 1000 يۈەن نەق پۇل تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى. (ئەخەت ئابلىز)

• شايار ناھىيە تويبولدى بازىرى ئېگەچى كەنت مەھەللىدىكى جامائەت 3780يۈەن پۇل يىغىش قىلىپ بىر نامرات دېھقاننىڭ داۋالىنىشىغا ياردەم قىلدى.
(ئەھەت مەھەممەت، ئەركىن ئابلا)

• 44-تۇەن 12-لىيەندىكى نۇراق مەمەت 15 نامرات ئائىلىگە 10 مىڭ يۈەن ئىئانە قىلدى. (مەمتىمىن يۈسۈپ)

• قاغىلىق ناھىيە چوپان يېزا ئورگان كادىرلىرى نامرات ئائىلىلەرگە 2850يۈەن ئىئانە قىلدى. قاغىلىق ناھىيە يىپەك يولى ترانسپورت شىركىتىنىڭ مەسئۇلى ئوبۇلقاسىم ھاجى ئابدۇللا چوپان يېزا تۆۋەنكىئوراڭ كەنتىدىكى ئىككى نامرات ئائىلىنىڭ چېدىرلىق ئۆي قۇرۇلۇشىغا 4000 يۈەنلىك قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ياردەم قىلدى. (مۇساجان ياسىن)

• بىگتۇەن 3-دىۋىزىيە پەيزىۋات باش مەيدان 1-لىيەندىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر موتسىكلىت ھادىسىسىدە يارىلانغان بىرەيلەننىڭ داۋالىنىشىغا 3000 يۈەندىن ئارتۇق ئىئانە قىلدى.
(سەمەت ئابلىز)

• شايار ناھىيە مازارغوجام بازىرىدىكى جامائەت بۇ يىلدىن باشلاپ تۈرلۈك ئۇسۇللار ئارقىلىق نامراتلارغا ئىللىقلىق يەتكۈزۈپ كەلدى، ئىئانە سوممىسى 8000 يۈەندىن ئاشتى .
(ئىبراھىم ئەلقەم، ئابلىمىت رېشىت )



2007 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى ئىران ئىسلام پارلامېنتى مەدەنىيەت كومىتېتى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام ئىنستىتۇتىنى زىيارەت قىلدى ھەمدە شىنجاڭ سىنىپىدىكى تالىپلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى.



2007 ـ يىل 5 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى شىنجاڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى ئېكسكۇرسىيە ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.



2007 ـ يىل 4 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى گەنسۇ، نىڭشىيا، چىڭخەي ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنى زىيارەت قىلدى.







شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بېيجىڭ، تيەنجىن، شاڭخەيلەرگە بېرىپ ئېكسكۇرسىيە قىلىش ۋە ئۆگىنىش ئۆمىكىدىكىلەر 5 ـ ئاينىڭ 19 ـ كۈنىدىن 25 ـ كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئېكسكۇرسىيىدە بولدى. بېيجىڭدا ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ دائىمىي ئەزاسى شاۋكەت ئىمىن، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى ئىسلام مەھكىمىسىنىڭ باشلىقى گو چېڭجېن ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى رەھبەرلىرى ئۆمەك ئەزالىرى بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆھبەت ئۆتكۈزدى ھەمدە ئۇلارنىڭ شەرىپىگە زىياپەت بەردى.

(بۇ بەتتىكى سۈرەتلەرنى ھەبىبۇللا، يۈسۈپ جەۋاد، ئەنۋەر، سىددىق تارتقان)




ISSN 1007-5836

06>

9 771007 583001

《中国穆斯林》（维吾尔文版） «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» (ئۇيغۇرچە)

| | | |
|---|---|---|
| 国际标准刊号： | ISSN1007—5836 | خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: |
| 国内统一刊号： | CN11—1346/B | مەملىكەتلىك بىر تۇتاش ژۇرنال نومۇرى: |
| 国内邮发代号： | （新）58—167 | پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: |
| 国外发行代号： | Q1720 | چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: |

公 开 发 行　定 价： 4.50元

ئاشكارا تارقىتىلىدۇ　باھاسى: 4.50 يۈەن